# چىمەنلەر سەلكىنى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

5
22

ISBN 7-228-08755-0
9 787228 087556 >

ISBN 7-228-08755-0
(民文) 定价：10.50元

15
1222
1

# چىمەنلەر سەلكىنى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللاھ نۇر

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

花园微风/米娜瓦尔·艾比布拉·努尔 整理.—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2004.5
ISBN7—228—08755—0

Ⅰ.花… Ⅱ.米… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—近代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I222

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 039094 号

责任编辑：买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
责任校对：艾加尔古丽·吐尔逊
封面设计：艾克拜尔·萨里

**花园微风**(维吾尔文)

米娜瓦尔·艾比布拉·努尔 整理

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码:830001)
乌鲁木齐仁祥印务有限公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 7 印张 插页 2
2004 年 5 月第 1 版 2004 年 5 月第 1 次印刷
印数:1 — 3000

---

ISBN—228—08755—0 定价:10.50 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: ھەجەرگۈل تۇرسۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# چىمەنلەر سەلكىنى

تۈزگۈچى: مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللاھ نۇر
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
ئۈرۈمچى رېنشياڭ باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم، 1/32؛
باسما تاۋىقى: 7؛ قىستۇرما ۋارىقى: 2
2004 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ISBN—228—08755—0
باھاسى: 10.50 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتى جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ قەدىمىيلىكى، ھەجمىنىڭ ئىنتايىن زور، كۆلىمىنىڭ ناھايىتى كەڭلىكى، تۈرىنىڭ كۆپ، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى، مەزمۇنىنىڭ مول ۋە سەرخىللىقى، شۇنداقلا بەدىئىي سەنئەت جەھەتتىن دۇنياۋى سەۋىيە ياراتقانلىقى، شۇنىڭ ئۇچۇن كۆپ تەرەپلىمە قېزىش ۋە تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى تارىختىن بۇيان مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. بولۇپمۇ چاغاتاي تىلى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىدە بۇ رايونلاردىكى چاغاتاي تىلىنى ئورتاق قوللانغۇچى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىي ئالاقە ناھايىتى قويۇق بولغان. نەتىجىدە ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى دەۋردىن ـ دەۋرگە ئۆزئارا ئۆتۈشۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقى ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، بۇ ئىككى مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتىغا، تۇرمۇشىغا، ئېڭىغا ۋە مەنىۋى دۇنياسىغا خۇددى ئۆزىنىڭدەكلا سىڭىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن. بۇ قىممەتلىك ئابىدىلەرنىڭ كۆپ قىسمى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇر ۋە ئۆز-

بىلەن خەلقى ئارىسىدا بوگونگىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بو ئەدەبىي مىراسلار جوڭخوا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى ئەڭ قىممەتلىك يادىكارلىقلار قاتارىدىن ئورۇن ئالماقتا.

قەدىرلىك دوستلار، قولىڭىزلاردىكى توپلامغا ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىغا ئەڭ كەڭ تارقالغان، رايونىمىز شىنجاڭدا ياشىغۇچى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىن تېپىلىپ قوتقۇزۇۋېلىنغان، بونىڭدىن كېيىنمۇ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى، ئېستېتىك قىممىتى، تەتقىقات قىممىتى ۋە باشقا جەھەتلەردىن ئۆز قىممىتىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالالايدىغان قەدىمكى ئەسەرلەردىن بىر قىسمى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بو ئەسەرلەر تۆۋەندىكى مەنبەلەردىن ئېلىندى:

1. «ئەرمۇغانى خىسلەت» — خىسلەت ئىشاننىڭ توپلىشى، شەۋكەتنىڭ قەلەمگە ئېلىشى ۋە موللا تويچىخاننىڭ خىراجەت چىقىرىشى ئارقىسىدا ھىجرىيە 1329 ـ يىلى تاشكەنت غولامىيە مەتبەئەسىدە بېسىلغان 238 بەتلىك تاش باسما، تولۇق نۇسخا.

2. «بەيازى ھەزىنى» — شەۋكەتنىڭ قەلەمگە ئېلىشى بىلەن ھىجرىيە 1331 ـ يىلى چاپ قىلىنغان 240 بەتلىك تاش باسما، تولۇق نۇسخا.

3. «بەياز» — شەۋكەتنىڭ قەلەمگە ئېلىشى بىلەن ھىجرىيە 1328 ـ يىلى تاشكەنت غولامىيە مەتبەئەسىدە چاپ قىلىنغان. تاش باسما 240 بەتلىك، تولۇق نۇسخا.

4. «بەيازى ھەزىنى» — شەۋكەتنىڭ قەلەمگە ئېلىشى، موللا ئەكمەلخان ئىسلامباي ئوغلىنىڭ خىراجەت چىقىرىشى ئارقىلىق ھىجرىيە 1329 ـ يىلى تاشكەنت غولامىيە مەتبەئەسىدە چاپ قىلىنغان تاش باسما، 240 بەتلىك تولۇق نۇسخا.

يۇقىرىقى تۆت پارچە توپلام ئاساسىدا بىر قىسىم ئۆزبېك كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ ھەر خىل شەكىل ۋە ھەر خىل ئۇس-

ئۇسلۇبتا ئىجاد قىلىنغان ئىنتايىن گۈزەل ۋە مەزمۇندار لىرىك شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆزبېك خەلقىنىڭ خۇش ئاۋاز مۇقامچىسى ۋە خەلق كۈيچىسى موللا تويچىخان كۈيلىگەن كۈيلەر ۋە ئۆزبېك كلاسسىك مۇزىكىسى 6 مۇقام سىستېمىسىدىكى نەۋا، دۇگاھ، ئۇشاق، چارىگاھ، بەيات، دىباچە، ئەۋجى قاتارلىق كلاسسىك مۇزىكىلارنىڭ ۋە گىرىيە، گۈليار، دىلخىراج قاتارلىق خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ تېكىستلىرى بولغان. شۇڭا، بۇ ئەسەرلەرنىڭ كەڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى ئۆزبېك كلاسسىك مۇزىكىسى 6 مۇقام، ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ۋە مۇقام تېكىستلىرى، خەلق كۈيلىرى تەتقىقاتى، شۇنداقلا ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئېتنوگرافىيىسى، تىلى ۋە يەرلىك شېۋىلىرى تەتقىقاتى ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ قالغۇسى. بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلاشتا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۆت پارچە ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسى ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ چىقىلدى. ئەسلىگە سادىق بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن ئەسەرلەرنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلىندى ۋە ئەسەرنىڭ تىلى ئەسلى ئاپتور تىلى ئۇيغۇر يېزىقىدا ترانسكرىپسىيە قىلىندى. يەرلىك شېۋە ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن شېئىرلارنىڭ تىلىمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەينەن ترانسكرىپسىيە قىلىندى. بىر تۈركۈم ئەسەرلەر باشلىنىشتىن بۇرۇن ئاپتورنىڭ كىملىكى، قايسى خىل ژانىردا يېزىلغانلىقى ۋەياكى قايسى كۈيگە سېلىنغانلىقى، نېمە سەۋەبتىن، كىمگە بېغىشلانغانلىقى مەزكۇر ئەسەرنىڭ باش قىسمىغا ئېنىق ئىلاۋە قىلىندى. تەتقىقاتچىلىرىمىزغا قولايلىق بولسۇن دەپ ھەربىر ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا ئەسلىي نۇسخىسىدىكى قايسى كىتابنىڭ قانچىنچى بېتىدىن ئېلىنغانلىقى ئەسكەرتىپ قويۇلدى. توپلامدىكى

كلاسسىك نامايەندىلەر ۋە ئۇلارنىڭ نەمۇنىلىرىنى مەقسەتسىز ھالدا ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشتەك خاتالىقلارنىڭ سادىر بولماسلىقى ۋە بۇرۇن قىسمەن ھالدا ئارىلىشىپ كەتكەن ئەھۋاللارغا تۈزىتىش بېرىش ئېھتىياجىدىن شائىرلارنىڭ تەرجىمىھالى ئۈستىدە ئىنچىكىلەپ ئىزدىنىپ، ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى بېرىلدى. ئوخشاش ئىسىملىك ياكى ئوخشاش تەخەللۇسلۇق شائىرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىسمى ياكى تەخەللۇسىنىڭ ئاخىرىغا يۇرتى قوشۇپ يېزىلدى. ئەسەرلەردىكى چۈشىنىش قىيىن بولغان سۆزلەرنىڭ لۇغىتى كىتاب ئاخىرىدا بېرىلدى.

بۇ كىتابقا ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن شائىرلار تۈركىي مىللەتلەر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان يېتىلگەن نامايەندىلەردىن بولۇپ ئۇلارنىڭ بىزگە سۇنغان نەمۇنىلىرى تېمىسىنىڭ رەڭدارلىقى، مەزمۇنىنىڭ كەڭ ھەم چوڭقۇرلۇقى، پەلسەپىۋى پىكىر چۈشەنچىلەرنىڭ روشەنلىكى، تىلىنىڭ راۋان، ئاممىباب، گۈزەل، شېرىن، ۋە جەلبدارلىقى، شۇنداقلا تارىخىنىڭ ئۇزۇن، ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچە ۋە شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى بىلەن كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىپ، ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ چوڭقۇر ھېس - تۇيغۇسىنى قوزغاپ پىكىر بۇلىقىنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتى چىمەنزارىدىن ئەسكەن خۇشبۇي شامال كەبى دىمىغىمىزغا ئۇرۇلۇپ، سىزگە ھوزۇر ۋە ئىستېتىك زوق بەخش ئەتسىلا، بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا چەككەن جاپا - مۇشەققەتلىرىم بىكارغا كەتمىگەن بولىدۇ. بۇ ئەسەرلەر يەنە ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، كلاسسىك مۇقام ۋە مۇقام تېكىستلىرى، شۇنداقلا خەلق كويلىرىنىڭ تېكىستلىرىنى قېيىشىمىز ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىزدا،

كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئۆتكەن ئوخشاش ئىسىملىك ۋە ئوخشاش تەخەللۇسلۇق ئەدىبلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ھەم ئۇلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزدا بىزنى ئەھمىيەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، «چىمەنلەر سەلكىنى» ناملىق بۇ بەيازنى نەشرگە تەييارلاش مېنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش خىزمىتى ئۈستىدىكى تۇنجى قەدىمىم بولغاچقا تەجرىبەمنىڭ كەملىكى، سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەبىدىن كۆرۈلگەن خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىۋېلىشىم ئۈچۈن تەنقىدىي پىكىر بېرىشىڭىزنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن. بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا ماڭا يېقىندىن ياردەم بەرگەن ئۇستازىم شۈكۈر يالقىن ۋە دادام ھەبىبۇللاھنۇر مەخدۇمغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز .................................... 1

ئەكمەلخان تۆرە .................................... 1

ئەلمەئى .................................... 6

ئەمىر ئۇمەرخان .................................... 8

پىرىم قارى ئەندىجانى .................................... 14

خىسلەت شاشى .................................... 21

خىلۋەتى .................................... 35

دىلكەش تاشكەندى .................................... 37

راغىبى .................................... 45

زەۋقى .................................... 52

شەۋقى .................................... 54

شەۋكەت .................................... 58

فەزلى .................................... 76

فۇرقەت .................................... 83

كامىل خارەزمى .................................... 87

www.uyghurkitap.com


كەمى ..... 100

مەۋلانە ۋەسلى ..... 119

مۇخلىس ..... 127

مۇقىمى ..... 133

مىسكىن ..... 143

هۇۋەيدا ..... 145

سۆزلۈك ..... 152

# ئەكمەلخان تۆرە

ئەكمەلخان تۆرە (ئەكمەل تاشكەندى) — تاشكەنتتە تۇغۇلغان بولۇپ، (تۇغۇلغان يىلى ئېنىق ئەمەس) 1883 ــ يىللىرىدا ۋاپات بولغان. ئەكمەلخان تۆرە ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مەرىپەتپەرۋەر شائىر. ئۇنىڭ شېئىرىيەتىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىدە ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرى ئەل ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان.

ئەكمەلخان تۆرە دەسلەپكى مەزگىللەردە قوقان (خوقەند) مەدرىسىلىرىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، قەشقەرگە كەلگەن ۋە بىر مەزگىلدىن كېيىن قەشقەرگە قازى بولغان. ئۇ بىرنەچچە مۇددەت قەشقەردە تۇرغاندىن كېيىن، تاشكەنتكە قايتىپ كېتىپ مەكتەپ ئېچىپ تالىپلارنى تۇركۇملەپ تەربىيىلەپ چىقىدۇ. ئەكمەلخاننىڭ بالىلارنى ئوقۇتۇشتىكى ئۇسۇلى باشقا مۇدەررىسلەرگە قارىغاندا بىرقەدەر ئىلغارلىقى ئىگە بولۇپ، بۇ ھال مۇتەئەسسىپ روھانىيلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئەكمەلخان تۆرە بۇخاراغا كۆچۈپ كېتىدۇ. ئەكمەلخان تۆرىنىڭ ھاياتى قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتكىنى ئۈچۈن، يازغان شېئىرلىرىنى توپلاپ دىۋان تۈزۈشكە ئىمكانىيىتى يار بەرمىگەن. ئەمما، بۇ ئوت يۈرەك شائىرنىڭ ئەسەرلىرى «تەزكىرەئى ھاجى ئەبدۇلئەزىم»، «تارىخى ئەمىنىيە»، «بەيازى مۇھەللا»، «ئەرمۇغانى خىسلەت» ۋە «بەيازى كەمى» قاتارلىق مەجمۇئەلەرگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ نەمۇنىلەر

بىزگىچە تولۇقى بىلەن يېتىپ كەلگەن. ئەكمەلخان تۆرە يەنە ئەرەب تىلىدا «تەجۋىدى ئۇممۇل كىتاب» (قۇرئاننى توغرا ئوقۇش قائىدىلىرى) ۋە «ئىلمى فەرىنىز» (مىسرالارنى تەقسىملەش ئىلمى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

## غەزەل

تەرانە ئەزئەكمەلخان تۆرە

يار ئەغيارە شەككەر خەند ئېلە تا سۆز قاتەدۇر،
رەشكىدىن ئاچچىغ ـ ئاچىغ ۋەھ مەنى قان يىغلاتەدۇر.
كۆزدە ياشىمنى ئەجەب يۈزدە نىقابىن كۆرغەچ،
يايىلۇر چەرخ ئۈزە سەييارە، قۇياش چۈن باتەدۇر.
رەشكىدىن رىشتەئى جانىمدە شىكەن ئۆزرە شىكەن،
غالىبا سۇنبۇلى زۇلفىنى سەبا تەبرەتەدۇر،
نېتاڭ ئويغانماسە مەھشەر تاڭى ۋەسل ئۇيقۇسىدىن،
ئولكى تاڭ ئاتقۇچە يارە قۇچاغىدە ياتەدۇر.
بۇلھەۋەسلەرنى بەرابەر بىلۇر ئول ئاشىقىمغە،
بىر باقىشىدە دىلۇ دىنىنى بەراجەر ساتەدۇر.
راستىكىم راستىبىن ئېرمەس كۆرۈك ئول كەجنەزەرى،
راستلىق بابىدە سەرۋى قەددىغە ئوخشاتەدۇر.
ھەدەقى سىنە شىكاف ئۈزرە شىكاف ئولسا نېتەڭ،
تا مۇقەۋۋەس قاشى ناۋەك ئۈزە ناۋەك ئاتەدۇر.
نې رەۋىش بىرلە ئەجەل فەرزىنىدىن مات ئولماس،
بۇ بىساتى ئۈستىدە ھەر شاھگە ئات ئويناتەدۇر.
ئەكمەل ئول ئاي يۈزىنى كۆرمەدى ۋەھ ـ ۋەھ ھەرگىز،
نېچە ئەنجۇم كەبى يۈزنى ياشۇرۇپ تۈن قاتەدۇر.
(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 39 ـ بەت)



www.uyghurkitap.com

## مۇخەممەسلەر

مۇخەممەسى ئەكمەلخان شاشى بەرغەزەلى غازى

باغ ئارا كىرگىل كۆلۈپ گۈلچېھرە رەئنالانماسۇن،
غۇنچە تۈممارىن يازىپ ناز ئىلە زىيبالانماسۇن،
نەرگىسىڭ ھەم كۆز ئاچىپ ھەر يان تەماشالانماسۇن،
ئارەزىڭ كۆرسەت كۆڭۈل گۈلشەن تەماشالانماسۇن،
قامەتىڭغە جىلۋە بەر تۇبى تەمەننالانماسۇن.

كۆزلەرىڭ جەللادى ئاشىق كۆشلىك ئەيلەر ئىختىيار،
ياشۇرۇن لۇتفۇ غەزەب رەسمىنى قىلدى ئاشكار.
خەنجەرى مىژگانىدىن ئالدى قولە تىغ ئابدار،
مەقسەدىڭ گەر قەتلىم ئىرسە، ئەيلە پىنھان زىنھار،
زاھىر ئەتمە بۇ كەرەم، تا خەلق غەۋغالانماسۇن.

لەبلەرىڭ ئەئجازىدۇر ئىھيائ رۇھئامىزلىق،
خەتتۇ خالىڭنى شۇئائى مۇشكۇ ئەنبەررىزلىق،
كۆزلەرىڭنى شىۋەسى نەيرەڭ سىھىرئامىزلىق،
ئەي پەرى قىلغىل تەكەللۇم بىرلە شەككەررىزلىق،
تا ئانى تۇتى كۆرۈپ ئالدىدە گويالانماسۇن.

بىگۇنەھ قەتل ئەيلەمەكدۇر كۆزلەرىڭنى مەتلەبى،
بىسەبەب جانبەخشلىك لەۋزى مەسىھا مەنسەبى،
مەزھەرى مىھرۇ ۋەفادۇر زاتى ئالىي مەشرەبى،
بىر نەفەسدە مىڭ ئۆلۈككە جان بىرۇر لەئلى لەبى،
ئەي قۇياش بەرغىل خەبەر ئىيسا مەسىھالانماسۇن.

مۇتربا، تۈزگىل جۇنۇن بەزمىدە ۋەھشەت سازىنى،
يەتكۈر ئەكمەل سەمئىغە نەفئى ئەلەست ئاۋازىنى،
لامەكان پەرۋاز قىل باز ئېت كۆڭۈل شەھبازىنى،
كويىدە ئەل ئىشق ئەلھەق بىقەرار ئېت غازىنى،
ھەجر دەشتىدە قۇيۇن يەڭلىغ شىكىبالانماسۇن.
( «بەيازى ھەزىنى» 104 ـ بەت)

## مۇخەممەسى ئەكمەلخان تۆرە ئەلەيھىررەھمە

جۇنۇن ئىقلىمىدە مىھنەتفەزالار بار ئىكەن مۇنداغ،
گۈلى شەبنەم خەزان ئۇرگەن سەبالار بار ئىكەن مۇنداغ،
مېنىڭ باشىمغە يۈز تۈرلۈك بەلالار بار ئىكەن مۇنداغ،
باشىمغە چەرخ جەۋرىدىن جەفالار بار ئىكەن مۇنداغ،
كۆڭۈلغە ھەجر دەردىدىن دەۋالار بار ئىكەن مۇنداغ.

دەمى چۇن گۈلخەن ئوتىغە كەباب ئەيلەپ دىلى مەھزۇن،
گەھى غەم ۋادىسىن جەۋلان ئۇرۇپ مانەندەئى مەجنۇن،
گەھى ۋامىق كەبى كۆزدىن تۆكۈپ يۈز دەجلەيۇ جەيھۇن،
سىرىشكىمدىن جەھان تۇفانغە كىتتى چەرخ ئۇرۇپ گەردۇن،
فەلەكنى گەردىشىدىن ئاسىيالار بار ئىكەن مۇنداغ.

ئەسىر ئەيلەپ مەنى ھەجر ئىلكىدە بىچارەلەر قىلدىڭ،
تەنىمنى تىرى بارانى غەمىڭدىن يارەلەر قىلدىڭ،
كۆڭۈل مىناسىنى غەم تاشى بىرلە پارەلەر قىلدىڭ،
سۇراغىڭدە مەنى بىچارەنى ئەۋۋارەلەر قىلدىڭ،
ۋىسالىڭ سۇبھىدە بادى سەبالار بار ئىكەن مۇنداغ.

ساڭا ساۋۇق سۆز ئايتىپ غۇنچەئى سۇرەتدىن ئاچىلمام،
نې دەپ غەم كەزلىكى بىرلە تەنىمنى يۈز تىلىم قىلمام،

دەپ ئېردىڭ تا تىرىك مەن بىر نەفەس مەن سەندىن ئايرىلمام،
كۆزۈمدىن ئانچۇنىن كەتسەڭ قايانغە بارغانىڭ بىلمام،
خىلافى ئەھد ئەتكەن بىۋەفالار بار ئىكەن مۇنداغ.

دەرىغا، بولمادى مەقبۇلى سۇلتان ئەرزى ھاجاتىم،
قەرىنى فەيزى راھەت بولمادى سۇبھى مۇناجاتىم،
يۈز ئايىندىن ئەسەر گۈل قىلمادى گۈلزارى دەئۋاتىم،
سەلامەت دۇختەرىدىن مەھۋ بولدىن بىنشان ئاتىم،
ئەجابەتدىن يىراق تۇشكەن دۇئالار بار ئىكەن مۇنداغ.

ئۇشاتتى لەئلى نەرخىن قىيمەتى لەئلى گۇھەرباريڭ،
چەمەنغە ئاتەش ئۇردى غۇنچەئى گۈل بەرگى سىرابىڭ،
خەتىڭ ۋەللەيلدەك تالئ ئۇلۇپ ۋەشەمس رۇخساريڭ،
مۇنەۋۋەر قىلدى ئالەم تەلئەتى خۇرشىد ئەنۋارىڭ،
مۇھەببەت باغىدە رەڭگىن غەزالەر بار ئىكەن مۇنداغ.

تىلىسمى سىرەتى دىداريڭە تا دىيدە مەھۋ ئولدى،
مۇھىتى ئەئزەم ئەشكىم سىپىھر ئۈزرە رەۋان بولدى،
شەرابى ۋەسل ئىچمەي، غۇسسەدىن پەيمانەلەر تولدى،
سەمۇمى جانگۇدازى ھەجرىدىن ئۆمرىم گۈلى سۇلدى،
سىتەمگەر زۇلمپەرۋەر دىلرەبالار بار ئىكەن مۇنداغ.

ۋىسالىڭ قاسىدىن پەيغامىن ئىزلەپ بولدى شاد ئەكمەل،
سىپىھر ئەيۋانىدىن ئۆتتى بەرەڭگى بەرقۇ باد ئەكمەل،
بىلىغە باغلاپ ئىھرام تىلەپ ھاجى نىھاد ئەكمەل،
تەۋافى خانەئى مەقسۇد ئىتىپ تاپتى مۇراد ئەكمەل،
مۇھەببەت ۋادىسىدە مۇدىئالار بار ئىكەن مۇنداغ.

(«بەيازى ھەزىنى» 107 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com

# ئەلمەئى

مىرجەلال ئوغلى مۇللا فەزلۇللاھ ئەلمەئى 1850 ـ يىلى تاشكەنتتە تۇغۇلۇپ، 1895 ـ يىلى ۋاپات بولغان تالانتلىق شائىر ئۇستا تەرجىمان، ماھىر خەتتات ۋە يېتىلگەن ئەرەبشۇناس. ئەلمەئى دەسلەپكى ساۋاتىنى مەھەللىۋى مەكتەپلەردە چىقارغان بولۇپ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلاپلا ئىلىم ئېلىشقا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان. ئۇ تاشكەنتتىكى «مويى مۇبارەك» مەدرىسىسى ۋە بۇخارادىكى مەدرىسىلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان بۇ تالانت ئىگىسىنىڭ ئۆزبېك، ئەرەب ۋە پارس تىلىدا يازغان شېئىرلىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈزۈلگەن بەيازلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەلمەئى قەدىمكى ھىندى مەسەللىرى توپلىمى «كەلىلە ۋە دىمنە»نى پارس تىلىدىن ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

## غەزەل

دېدىم: قۇلاغىڭە ئالتۇن سىرغە تاق ياراشۇر،
دېدى: تۆشۈكلەرى ئاغرىتار مەيلىگەمۇ.
دېدىم: ئەياغىڭە كىيگىل قارا قىرىمدىن كەفش،
دېدى: قەپارسە نېتەرمەن بىكار مەيلىگەمۇ.
دېدىم: ساچىڭە ئۇلاگىل كۈمۈش پاپۇك ياراشۇر،
دېدى: بىلىمگە تېگىپ ئاغرىتار مەيلىگەمۇ.

دېدىم: ئىنەكدىن ئەلۋان شايىدىن كىيىك كۆيلەك،
دېدى: بۇ ئاق بەدەنىمگە باتار مەيلىگەمۇ.
دېدىمكى: كۆكسۈڭگە گەۋھەردىن ئەيلەگىل مەرجان،
دېدى: ئاغىر، نە قىلۇرمەن بۇ كار مەيلىگەمۇ.
دېدىم: قولۇڭغە جەۋاھىر ئۈزۈك سالغىل ياراشۇر،
دېدى: قولۇم سۆڭەك يوق سىقار مەيلىگەمۇ.
دېدىم: ۋىسالىڭغە ئەلمەئىنى قىل مېھمان،
دېدى: ئايەم ئۇرۇشۇر ھەم سۆكەر مەيلىگەمۇ.
(«بەياز» 112 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com

# ئەمىر ئۇمەرخان

ئەمىر ئۇمەرخان 1787 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1822 ـ يىلى 35 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇ 1809 ـ يىلى قوقان ئەتراپىدىكى ئالتىنقۇش قىشلىقىدىكى ساراي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكى بىلەن ئاكىسى ئالىمخاننى ئۆلتۈرۈشكە قاتنىشىپ قوقان خانلىقىنىڭ خانى بولۇپ، 1809 ـ يىلدىن 1822 ـ يىلغىچە خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان.

ئەمىر ئۇمەرخان دەۋرىدە ھاكىمىيەت مۇستەھكەملىنىپ، سودا ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان، قۇرۇلۇش ۋە سۇ ئىنشائاتى ئىشلىرى راۋاجلىنىپ قوقان، تاشكەنت، تۈركىستان، چىمكەنت، سايرام، ئەۋلىيا ئاتا قاتارلىق جايلاردا مەسچىت ۋە مەدرىسلەر بىنا قىلىنىپ، مازارلار تەرتىپكە سېلىنغان ۋە قاناللار قېزىلغان. بۇ دەۋردە يەنە پەن ـ مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت زور دەرىجىدە راۋاجلانغان بولۇپ، ئەمىر ئۇمەرخان ۋە خانىمى نادىرەنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا ساراي دائىرىسىدە نۇرغۇنلىغان ئىلىم ئەھلى ۋە تالانتلىق شائىر ھەم شائىرەلەر يېتىشىپ چىققان. بۇ دەۋردە دىنىي ھەم دۇنياۋى ئەسەرلەر كۆپلەپ ئىجاد قىلىنغان. ئەمىر ئۇمەرخاننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئەينى دەۋردە فەزلى ۋە مۇشرىف تەرىپىدىن «مەجمۇئەتۇش ـ شۇئەرائى ئۇمەرخان» توپلىمى تۈزۈلگەن. بۇ توپلام 1902 ـ يىلىغا كەلگەندە تاشكەنتتە چاپ قىلىنىپ تارقىتىلغان بولۇپ، ناھايىتى زور ئىلمىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە مەنبەدۇر.

ئەمىر ئۇمەرخان ئىقتىدارلىق دۆلەت ئەربابى ۋە ئەلسۆيەر خان بولۇپلا قالماي، تالانتلىق شائىر ۋە ھەر تەرەپتىن يېتىلگەن ئوقۇمۇشلۇق زات ئىدى. ئۇ «ئەمىرى» تەخەللۇسى بىلەن ئۆزبېك ۋە پارس تىلىدا يۇقىرى سەۋىيىلىك شېئىرلارنى يازغان ۋە شېئىرلىرىدىن دىۋان تۈزگەن. ئۇنىڭ بۇ ئەدەبىي مىراسلىرى ئەينى دەۋردە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تۈزۈلگەن بەيازلارغا كۆپلەپ كىرگۈزۈلگەن، «دىۋانى ئەمىرى» ناملىق دىۋانى 1882 ـ يىلى ئىستانبۇلدا 1905 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان. ئەمىر ئۇمەرخان جۇشقۇن، روھلۇق ۋە پائالىيەتچان مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولۇپ، قوقان خانلىقىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلغان. ئۇنىڭ يارانلىرى تۆھپىسى كۆزدە تۇتۇلۇپ ئەينى دەۋردە ئۇنىڭغا «ئەمىرۇل. مۇسلىمىن» ئۇنۋانى بېرىلگەن.

## غەزەللەر

ئەلغە ئادەتدۇر نىچۇككىم گويى چەۋگان ئويناماق،
ئىشق مەيدانىدە گويا رەسمدۇر جان ئويناماق.
چەرخ لەئىب ئەيلەب سەرەفراز ئەتسە مەغرۇر ئولماغىل
كىم قويۇندەك ئەيلەمىش يەر بىرلە يەكسان ئويناماق.
شەمئ يەڭلىغ باش بېرىپ ھەر لەھزە ياش ئالماق كىرەك.
ئىشق ئوتى بىرلە يوقدۇر بەسكى ئاسان ئويناماق.
تىفلدەك يۈز مىڭ ھەۋەس بىرلە كۆڭۈل ئاشۇفتەدۇر.
ئەيلەدى جەمئىيەتىم ئاخىر پەرىشان ئويناماق.
كۆكسۇم ئىچرە ئىشق تەبئىدىن كۆڭۈل بىتاب ئىرۇر،
كەلمەگىل بۇ خەستەغە ئەي شوخ بۇھتان ئويناماق.
گويدەك باشىڭنى مەيدان ئىچرە قىلدى پايمال،
سىنىڭكىم ۋاي تىبلبە ئول ئاي بىرلە چەۋگان ئويناماق.

مۇمكىن ئولسىدى ئەگەر ئوت سارى ياداشماق ئەمىر،
بارى ئىدى دۇنيا ئەرۇسى بىرلە ئىمكان ئويناماق.
(«بەيازى ھەزىنى» 82 ـ بەت)

* *

جەھان، جانا، جەمالىڭغە تەسەددۇق،
دىلۇ جان خەتتۇ خالىڭغە تەسەددۇق.
چىمەندە سەرۋۇ شەمسادۇ سەنەۋبەر،
ئىرۇر مەۋزۇن نىھالىڭغە تەسەددۇق.
لەبىڭ سەرچەشمەئى ئابى بەقادۇر،
خىزىر خەتتۇ زۇلالىڭغە تەسەددۇق.
تۇتارمەن تەن ئارا جاننى كىرامى،
بولۇر بىر كۇن ۋىسالىڭغە تەسەددۇق.
قالىپ ئىردى ۋۇجۇدىمدىن خەيالى،
ئانى قىلدىم ۋۇجۇدىڭغە تەسەددۇق.
لەبىڭ ھەجرىدە زەھرى غەم يۇتارمەن،
ھەلاۋەت يادى بالىڭغە تەسەددۇق.
كۆڭۈل ئايىنەسىدە جۇشى ھەيرەت،
جەمالى بىمىسالىڭغە تەسەددۇق.
ئىرۇرسەن ھۇسن مۇلكىنى ئەمىرى،
جەھان جانا جەمالىڭغە تەسەددۇق.
(«بەياز» 107 ـ بەت)

* *

ئىرۇر ھەر كىمنىكىم جانانى بىباك،
نە غەمدۇر، تىفل يەڭلىغ جانى بىباك.
كۆڭۈل سەر تەختىگە كىلدى خەيالىڭ،

ئېرۇر بىباكىنى مېھمانى بىباك.
كىشىكىم بولسا ئاشىقلىققە مايىل،
جەھان ئەھلى دېگەيلەر ئانى بىباك.
بەسى زالىمدۇر ئول شوخ ستەمگەر،
يۈزى گۈل نەرگىسى فەتتانى بىباك.
غەمىدە جان بېرەردىن باك يوقتۇر،
ئانىڭ بار ئاشىقى ھەيرانى بىباك.
قۇتۇلماس جانىم ئول بىباكلاردىن،
كۆزىدە خەنجەرى مىژگانى بىباك.
ئەمىرى، ئىشق فەريادىغە يەتمەس،
ئەسىرىكىم ئېرۇر سۇلتان بىباك.
(«بەياز» 109 ـ بەت)

لەب ئۈيۈر تەكەللۇمغە، زۇلفىڭنى پەرىشان قىل،
قەند قىمەتىن سىندۇر، نەرخى شەككەر ئەرزان قىل.
ھۆسن ئېلىنى شاھىسەن، بىنەۋا گەدالەرغە
كۆز ئۈچى بىلەن باقىپ، خەير بىرلە ئىھسان قىل.
ئىشق دىنىگە مۇنكىر بولسە زاھىدى خۇدبىن،
ئەي سەنەملىقا كۆرسەت كۇفرىنى مۇسۇلمان قىل.
ئىھتىساب ئۈچۈن، زاھىد، كىرسە دەير ئەرا ساقى،
بىر قەدەھ بىلەن ئانى زۇھدىدىن پۇشايمان قىل.
ئىستەسەڭ كۆڭۈللەرنى غەمزە تىغىغە قۇربان،
قاشلارىڭ ھىلالىنىڭ ماھى ئىيدى قۇربان قىل.
شوخ چەشم نەۋ خەتسەن ناز دەشتىدە سەير ئەت،
گەردى خاكى پايىڭنى سۈرمەئى غەزالان قىل.
يار لەئلىدىن ھەرفى ئەيلەدى ئەمىر ئىنشا،
ئەي كۆڭۈل، بۇ گەۋھەرنى جان ئىچىدە پىنھان قىل.
(«بەياز» 139 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ﭘﯩﯕﻰ ئادرېسى

## ئەمىر ئۇمەرخان

ئول شوخكى بار ئاڭا ۋەفا غەيرى مۇكەررەر،
لۇتفىگە ۋەرمەز ئەدا غەيرى مۇكەررەر.
ئايىنەنى سۇ ئەيلەدى خۇرشىد جەمالى،
يۈزى ئۆزگەچەدۇر شەرمۇ ھەيا غەيرى مۇكەررەر.
ئۇششاقلەرە غەمزە بىلە نازى بۆلەكچە،
بىدادى بىلە جەۋرۇ جەفا غەيرى مۇكەررەر.
شاھىكى ئېرۇر شەفقەتى شامىل فۇقەراغە،
كۆڭلىدە ۋەفا تىلدە دۇئا غەيرى مۇكەررەر.
ئايىنەئى ئىنسافىدە تەۋفىق سەفاسى.
ئەتمىش ئانى زاتىنى خۇدا غەيرى مۇكەررەر.
چۇن غەيرى مۇكەررەر ئانى سەلتەنەتى بار،
شەھلەردىن ئىشىكىدە گەدا غەيرى مۇكەررەر.
ئەدلى فۇقەراغە قىلادۇر ئۆزگەچە شەفقەت،
شۇكرانە يازارلار فۇقەرا غەيرى مۇكەررەر.
ئول ھۇسن ئەمىرى دۇئا ئۆزگەچە قىلدىم،
تاپتىم كەرەم بىرلە نەۋا غەيرى مۇكەررەر.

(«بەياز» 155 ـ بەت)

## مۇخەممەسى ئەمىرى بەرغەزەلى زۇلۇلى

سەھەر چەمەندە قۇلاغىمغە باڭى ئۇد يېتەر،
بىشارەت كەرەمى ۋاجىبىل ۋۇجۇد يېتەر،
بۇ كېچەكىم تولۇن ئاي ساغەرىغە جۇد يېتەر،
فەلەك پىيالەسىدىن شەربەتى شۇھۇد يېتەر،
سەۋارى سۇرمە دىمە كۆزلەرىمغە دۇد يېتەر.

تەرىقەت ئەھلىنىڭ ئەندىشەسى قەنائەتدۇر،
ۋۇجۇد شەمئىنى كۆيدۇرمەك ئاڭا ئەدەتدۇر،
چۇ ساف بولسە كۆڭۇل ئەنجۇمەندە خىلۋەتدۇر،
چەراغى خانەقەئى سوغىيان نې ھاجەتدۇر،
ستارەئى فەلەك گۇنبەزى كەبۇد يېتەر.

ھەۋايى ئىشقىدە پەرۋانەۋار تەير ئەتكىل،
ئانى ۋىسالى ئۇمىدىدە تەركى غەير ئەتكىل،
ۋۇجۇدى كىسۋەتىنى سىلكى كارى خەير ئەتكىل،
تەمامى دەشتى تەرىقەت بەرەھنە سەير ئەتكىل،
كۇلاھۇ خىرقەئى پەشمىنەدىن نە سۇد يېتەر.

ۋىسالىسىز بۇ چەمەندىن كۆزۇمغە زىنداق خۇب،
نىشات مەھفىلىدىن كۇنجى بەيتۇل - ئەھزان خۇب،
ئەگەرچە بۇلبۇلى شورىدەغە گۇلىستان خۇب،
ماڭا جەھان ئېلىنى بەزمىدىن گورستان خۇب،
نەۋائى نەۋھەئى ھەر قەبرىدىن سەرۋەر يېتەر.

فىغانكى غەفلەت ئېلى نەقد ئۇمرى بولدى ھەبا،
ھەبىب رەۋزەسىغە يەتمەدىم چۇ بادى سەبا،
ئەمىر ئېردىم ئەگەرچە مۇھىب ئالۇ ئەبا،
نەسىبەئى چۇ جەراھەت زۇلۇلى، ۋاھ ئەجەبا،
مۇھەممەدى ئېدىمۇ شەرتى جوھۇد يېتەر.

(«بەياز» 200 - بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# پىرىم قارى ئەندىجانى

پىرىمقارىنىڭ ئەسلىي ئىسمى پىرىمقۇل قارى بولۇپ، 1883 ـ يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ ئەندىجان شەھىرىدە تۇغۇلغان. بۇخارادىكى داڭلىق مەدرىسىلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئالغان. كېيىن شىنجاڭنىڭ چۆچەك شەھىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ھەم شىنجاڭدىكى ئىلغار پىكىرلىك زاتلار بىلەن ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. ئۇ بىر مەزگىل چۆچەكنىڭ قازىسى بولغان، 1938 ـ يىلى ھەج قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ ھەجدىن قايتاردا يول ئۈستىدە ۋاپات بولغان.

پىرىمقۇل قارى ئەندىجانى ياشلىق مەزگىللىرىدىن باشلاپلا شېئىرىيەتكە ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قەلەمنى قولىدىن چۈشۈرمىگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بەيازلارغا كىرگۈزۈلۈپ ۋە خەلق ئارىسىدا قولىيازما ھالەتتە ساقلىنىپ دېگۈدەك دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

## نەۋا ئەزپەرىمقارى ئەندىجانى

تەۋاف قەسدىدە قويدۇم قەدەم بەبىسمىللاھ،
دەبان نەفس بەتەخسىس تەلەبدە مەن گۇمراھ.
ھەزار شۈكرىكى بۇ كۆزغە جىلۋەگەر ئولدى،
ماڭا يانە كۆرۈنۈپ ئول شەرەفلى بەيتۇللاھ.
كىرىپ ھەرەمغە ئۇ بابىسسەلام بابىدىن،
قارا لىباس كۆرۈپ ئاندە دەپكى يا ئاللاھ.

ھەرەم كەبۇتەرنىڭ يەتتى ئايلانىپ ئاندىن،
نەخۇشكى بۇسەئى ئەسۋەت بولۇپ ئەتائۇللاھ.
قايۇ مەكاندە ئىبرۇرسەن ئۆزۈڭگە بول ھۇشيار،
تىلىڭدىن ئۈزمەگىل، ئەي بەندە زىكرىللاھ.
نىچۈك يەتۈردى خۇدا سەن گەدانى بەيتىگە،
ھەمىشە سەجدە كامىڭ ئىبردى خالىسەن لىللاھ.
بارىپ نەماز قىلىپ ئول مەقامى ئىبراھىم،
دۇئاغە قول كۆتەرىپ ئەيلە ئاندە ۋاۋەيلاھ.
مۇھەببەت ئاتەشىنىڭ كەرەمىدىن ئىچىپ زەمزەم،
ھەمىشە مەست يۈرۈپمەن، ئۇدۇر شەرابىللاھ.
دۇئا ئىجابەت ئىمىش مۇلتەزەمدە ئەلبەتتە،
بىلىڭكى ئەسۋەت ئىلە بەينى بابى بەيتۇللاھ.
ھەمىشە ئايلانىپ ئالدىڭدە ھەجەرى ئىسمائىل،
ئول ئىبردى ئىبراھىم ئوغلى دىگەن زەبىھۇللاھ.
قەرا يۈزىڭنى سۈرۈپ كەمتەرىن پىرىم قارى،
يۈرەكدە قالمادى ئەرمان بۇ ئىبرد ئەمرۇللاھ.
(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 60 ـ بەت)

## سەۋتى مۇخەممەسى پىرىمقارى ئەندىجانى

دائىم مىنى غەمىڭ بىلە ھالىم خەرابدۇر،
تاپماي ۋىسالىڭ، ئەي سەنەم، قانىم شەرابدۇر.
ھەجرىڭ ئوتىدە ئۆرتەنىپ باغرىم كەبابدۇر،
رەھم ئەتمەسەڭ بۇ جانىمە قاتتىغ ئەزابدۇر،
قىلغىل نەزارە ھالىمە مەندىن خىتابدۇر.

كەلغىل يانىمغە كەتمەگىل مەندىن يىراق قاچىپ،
بەرگىل زەكاتى ھۆسنۆڭە بابى كەرەم ئاچىپ،

سىرىمغە مەھرەم ئولغىلى لەبدىن گۆھەر ساچىپ،
رەھىم ئەيلەگىل غەرىبىڭگە سەن بارچەدىن كېچىپ،
كۆرسەم ئەگەر مۆرۈۋۋەتىڭ شەيخىم شەبابدۇر.

گۈل ئاچىلۇر گۈلشەندەكىم بۇلبۇل نەۋاسىدىن،
غەمكىن كۆڭۈل فەرەھ تاپار تۇتى سەداسىدىن،
ھۇسنۇڭ كەمالە يەتكۈسى ئاشىق دۇئاسىدىن،
ئاشىقلەرىڭ ئۈمىد ئېتەر ۋەئدەڭ ۋەفاسىدىن،
كەلگىل دىلىم خۇش ئەيلەگىل ئەينى سەۋابدۇر.

نەيلەرسەن، ئەي پەرىۋەشىم، دىۋانەلەر قىلىپ،
ئەقلى ھۇشۇمدىن ئاجراتىپ بىگانەلەر قىلىپ.
ھەجرىڭ چۆلىدە تەشنەئى ئەۋۋارەلەر قىلىپ،
ئەغيارلار ئاراسىدە ئەفسانەلەر قىلىپ،
جىسمىم سېنىڭ يولىڭ ئۆزە خاكى تورابدۇر.

بەردىم كۆڭۈلنى ئول كۈنى، ئۆز دىلبەرىم دېدىم،
ئىككى كۆزۈمنى نۇرىيۇ تاجى سەرىم دېدىم،
زۇلمەت شەبىنىڭ ماھىيۇ ھەم ئەختەرىم دېدىم،
دەردۇ غەمىڭنى زەھرىنى مەن كەۋسەرىم دېدىم.
ئاخىر دەمىدە يىغلايۇپ چەشمىم پۇر ئابدۇر.

يوق لەھزە سەبرۇ تاقەتىم ئايدەك يۈزۈڭ كۆرۈپ،
تويسام ئېدى جەمالىڭغە بىر دەم ئۆزۈڭ كۆرۈپ،
دەفئى خۇمارىم ئەيلەسەم شەھلا كۆزۈڭ كۆرۈپ،
شەككەر لەبىڭدىن، ئەي پەرى، بوسە قىلىپ سورۇپ،
مەندىن ھەمىشە ئارزۇ سەندىن ئىتابدۇر.

ئەۋۋەلدە جىلۋەلەر قىلىپ، ئاخىر سىتەم نەدۇر،
كەلمەي قاشىمغە بىر يولى، ماڭا بۇ غەم نەدۇر،
داغى غەمىڭدە جىسمىمە مۇنداغ ئەلەم نەدۇر،
قارى پىرىمغە ۋەسلىڭنى قىلساڭ كەرەم نەدۇر،
ئەرزى دىلىمنىڭ شەرھىدىن بۇ بىر كىتابدۇر.
(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 69 ـ بەت)

## نالەش ئەزپىرىمقارى ئەندىجانى

دىلا مىڭ ئۆمر كۆرسەڭ بىر كۈن ئۆلگەنىڭگە ئەرزىرمۇ،
گۈل ئۆمرۈڭ ئاچىلماي غۇنچە سۇلگەنىڭگە ئەرزىرمۇ،
تىگىپ ئاخىر خەزان يەڭلىغ تۆكۈلگەنىڭگە ئەرزىرمۇ،
سۆيەكىڭ بەندى بەندىدىن سۆكۈلگەنىڭگە ئەرزىرمۇ،
لەتىف جىسمىڭ قارا يەرگە كۆمۈلگەنىڭگە ئەرزىرمۇ.

تۇشۇپ باشىڭە دەۋلەت سايەسى شاھى جەھان ئولساڭ،
مىنىبان سەلتەنەت تەختىن نىچە يىللار ئەمان ئولساڭ،
ئەدالەتدە بولۇپ مەنزۇرۇ مەقبۇلى زەمان ئولساڭ،
ھۇكۇمەت كەيفىدىن مەسرۇرۇ چىندىن شادۇمان ئولساڭ،
قولۇڭدىن كەتسە دەۋلەت قىلغان ئەرمانىڭگە ئەرزىرمۇ.

ھەياتىڭنى غەنىمەت بىلمەيىن ھىرسۇ ھەۋا ئىزلەپ ،
يۈرۈيسەن ئەيشۇ ئىشرەتلەر بىلە يۈز مۇددەئا ئىزلەپ،
قوۋانىپ ھالۇ مۇلكۇڭغە ئەجەب فەخرۇ بىنا ئىزلەپ،
قولۇڭغە قايسى يەردىن خاك ئالساڭ كىمىيا ئىزلەپ،
ھىساب ۋەقتىدەكى قىلغان پۇشەيمانىڭگە ئەرزىرمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ساڭا بولسا ھەمىشە خىزىر ئىلە ئىلياس ئەگەر رەھبەر،
مۇيەسسەر بولساۋۇ كىرسە قولۇڭغە لەئل ئىلە گەۋھەر،
مەشامى جانغە يەتسە بۇيى مۇشكۇ ۋەيا ئەنبەر،
سۇرۇرىدىن ياشارساڭ ھەگىز ئولماي ھالەتىڭ ئەبتەر،
كېتەر ۋەقتىدە قىلغان ئاھۇ ئەفغانىڭگە ئەرزىرمۇ.

يۇرۇرسەن تاكى ئۆزنى بۇ فەنادە سەرفەراز ئەيلەپ،
ساڭا نۇھ ئۇمرىنى بەرسە خۇدا ئۇمرۇڭ دەراز ئەيلەپ،
كېلۇر قاشىڭغە ئەزرائىلكى بىر كۇن جىلۋەساز ئەيلەپ،
ئالۇر ئول جان قۇشىن مانەندى لاچىن سەيرباز ئەيلەپ،
بىرۇردە جانى شىرىن تەلخىئى جانىڭگە ئەرزىرمۇ.

سۇلەيماندەك مىنىپ تەخت ئۇزرە ئالەم ئەيلەسەڭ جەۋلان،
ۋەيا مىسلى ھۇما پەرۋاز ئېتىپ سويى سەما تەيران،
مىنىپ ھەم ئەسىبتازىيلەر يۇگۇرسەڭ ھەر تەرەن ھەرئان،
تاپىپ ئىززۇ ئەلا ئىل ئىچرە سۇرسەڭ بۇ قەدەر دەۋران،
. . . . . .①

ياتۇر بولساڭ ھەمىشە مەسنەدى ئەيشۇ فەراغەتدە،
تۇرار بولسا ئەزىز جانىڭ ھەمان ئارامۇ راھەتدە،
كېلۇر بولسا نىدايى ھاتىفى سۇبھى قىيامەتدە،
تەۋەھھۇمدىن ھەمە ئۆز ھالىغە ئاھۇ نەدامەتدە،
خىجالەت تەرىغە غەرقاب بولغانىڭغە ئەرزىرمۇ.

كىرامان كاتىبىن قىلغان گۇناھىڭنى بۇتەر بولسا،
بىرۇردە نامەئى ئەئمالىڭى چەپدىن تۇتار بولسا،

① ئەسلىي نۇسخىدا بىر مىسرا چۈشۈپ قالغان.

قۇرۇپ مىزان ئۇشۇل كۇنكىم سىرات كۆپرۈك ئۆتەر بولسا،
گۇناھىڭ شۇملىغىدىن جىسمۇ جان دەۋزەخ كېتەر بولسا،
تامۇغ ئىچرە كىرىپ بىر لەھزە كۆيگەنىڭە ئەرزىرمۇ.

دېدى «لاتەقنەتۇمىن رەھمەتۇللاھ» تەڭرىيۇ بارى،
خەبەردار ئۇل ئانىڭ مەزمۇنىدىن ئۇزمە ئۇمىد تارى،
مەگەر بولدى ھەمە گۇمراھلەرغە لۇتفى جەببارى،
گۇنەھ لايىغە باتقان شەرمەكىن خەستە پىرىمقارى،
بۇ دۇنيا لەززەتى دىدارى سەجانىڭە ئەرزىرمۇ.
(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 75 ـ بەت)

## ھەجنامەئى پەرىمقارى ئەندىجانى

ئاچ يولۇم، يا رەبكى، ئۆزنى شادىمان ئەيلەپ كېتەي،
قەسد ئېتىب مەن كەئبەنى تەركى جەھان ئەيلەپ كېتەي،
ئۇل مەدىنەغە فىدا بۇ جىسمۇجان ئەيلەپ كېتەي،
ئۇل قەبۇل ئەتمەس قەتارى خادىمان ئەيلەپ كېتەي،
ئاستانىغە ۋۇجۇدۇم پاسبان ئەيلەپ كېتەي.

تاقەتىم يوق تارتقالى جەۋرى سىتەملەر كەتمەسەم،
ھەددىن ئاشتى كۆڭلۇم ئىچرە غۇسسە غەملەر كەتمەسەم،
كۆكسۇمى مەجرۇھ ئېتەر تىرى ئەلەملەر كەتمەسەم،
دەم بەدەم چەككەي گۇناھىمغە رەقەملەر كەتمەسەم،
بەيتۇلئەھزانىم قويۇپ نەقلى مەكان ئەيلەپ كېتەي.

گەرچە بەدئەندىشە بەدكىردارمەن قانداغ قىلاي،
قىلمىشىمدىن سىنەسى ئەفگارمەن، قانداغ قىلاي،
كۆرمەكە مەككە، مەدىنە زارمەن قانداغ قىلاي،

www.uyghurkitap.com

چەرخ ئۆرۈپ ھەر دەم قەلەندەرۋارمەن، قەيداغ قىلاي،
كىم ئۇچۇپ ھىممەت بىلە ئاشىيان ئەيلەپ كېتەي.

بارمايىن تەن سەھت ئولماس، دائىما بىمار مەن،
كېچە ـ كۈندۈز گىريە ئەيلەپ كۆزلەرى خۇنبار مەن،
بىر جىگەر باغرى ئېزىلگەن بەندەئى ناچار مەن،
قاي مەھەل كەلسە ئەجەل قۇللۇق ئارا تەييارمەن،
يۈرگىچە مۇنداغ ۋۇجۇدىمنى نىھان ئەيلەپ كېتەي.

ئۆمرۈم ئۆتتى تەشنەلىغدە دائىم ئاھۇ ۋاھ دەپ،
گەر نەسىب بولسە يۈرەي باشىم بىلەن ئەللاھ دەپ،
بىر تەرەھھۇم بىرلە شايەد ئاسىيان گۇمراھ دەپ،
يوقلاسا ھەزرەت مەنى كەل، ئەي سەگى دەرگاھ دەپ،
يەرغە كۆكسۇمنى سۈرۈپ، ئاھۇ فىغان ئەيلەپ كېتەي.

مىسلى بۇلبۇل نالەيۇ ئەفغان چېكەرمەن دەم بەدەم،
ھەسرەتا، تاپماي مۇرادىم كۆزدە نەم، تەندە ئەلەم،
باش ئىلە كىرسەم ھەرەم مەنگە نە ئەرمانۇ نە غەم،
جەننەتۇلبەقى نەسىپ ئەتسە كەرىمى پۇركەرەم،
مەن پىرىمقارى ۋىدائى دوستان ئەيلەپ كېتەي.
(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 156 ـ بەت)

## مولا پىرىمقارى ئەندىجانى رۇبائى

بەزم ئەتمەككە باغ ئىلە بەھاران ياخشى،
مەي ئىچمەككە مەۋسۇمى گۇلىستان ياخشى،
بۇلبۇل سىفەت ئالدىدە فىغان ئېتمەككە،
بىر ئارەزى گۇل، لەبلەرى خەندان ياخشى.

# خىسلەت شاشى

سەئىد ھەيبەتۇللاھ خوجا سەئىد ئارىپ خوجا ئوغلى خىسلەت مىلادىيە 1880 ـ يىلى تاشكەنتتە باغۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تاشكەنت شەھىرىدە ۋاپات بولغان تالانتلىق شائىر ۋە تەرجىمان، شۇنداقلا ئىجتىمائىي پائالىيەتچى. خىسلەت ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرلىرىدە ئاتاقلىق مەدرىسىلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئۇ ئۆزبېك ئەدەبىياتى نامايەندىلىرى ۋە نەمۇنىلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلغاندىن سىرت، ئەرەب، پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى بىرلىپ ئۆگەنگەن. ئۇ 1908 — 1909 ـ يىللاردا نەۋائىنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانلىرىنى نەسرىي يول بىلەن ئىشلەپ، تاش مەتبەئەدە باستۇرۇپ تارقاتقان. 1911 ـ يىللىرى پارس شائىرى ئۇبەيد زاكانىنىڭ «مۇشۇك بىلەن چاشقان» ئەسىرى ۋە قەدىمكى پارس قەھرىمانلىق ئېپوسى «بەرزۇيى شىر» داستانىنى ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 1910 ـ يىلى «ھەدىيەئى خىسلەت»، 1912 ـ يىلى «ئەرمۇغانى خىسلەت»، 1914 ـ يىلى «تۇھپەئى خىسلەت» ۋە «سەۋغاتى خىسلەت»ناملىق بەياز (شېئىرلار توپلىمى) لارنى تاش مەتبەئەدە باستۇرۇپ تارقاتقان. خىسلەت بۇ ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇپلا قالماي، بەلكى شۇ دەۋر ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتى نامايەندىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نەمۇنىلىك ئەسەرلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بىزگىچە يېتىپ كېلىشىدە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

خىسلەت ئۆز ئەسەرلىرىدە خىسلەت، خىسلەت ئىشان ۋە خىسلەت تاشكەندى ۋەياكى خىسلەت شاشى (شاش ـ تاشكەنت شەھىرىنىڭ قەدىمىي ئاتىلىشى) قاتارلىق تەخەللۇسلارنى قوللانغان بولۇپ، خىسلەت شاشى بىلەن خىسلەت كاشغەرى ئوخشاش تەخەللۇسلۇق شائىرلار بولغاچقا دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ شائىرلارنىڭ ئەھۋالاتلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى شائىرنىڭ ياشاپ ئىجاد ئەتكەن دەۋرىدە بىر ئەسىر پەرق بار. بۇ تېما بىزنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتمەكتە.

## غەزەللەر

### تەرانەئى دۇگاھ ئەزخىسلەت ئىشان

ھەجرىڭدە بەس ئۆلدۈرمە ئەندىشەئى فەردا قىل،
كەل ئەمدى، ماڭا، جانا، ۋەسلىڭنى مۇھەييا قىل.
مەستانە باسىپ بىر ـ بىر گۈلشەندە خىرام ئەيلەپ،
تاۋۇسنى ئېتىپ ھەيران ھەم كەبكىنى شەيدا قىل.
داغى چېكىبان قامەت، پەردەڭنى ئالىپ يۈزدەن،
سەرۋ ئىلە قىزىل گۈلنى شەرمەندەيۇ رەسۋا قىل.
مەي تا ئىچۈرۈپ مەنگە، ساقى بولۇبان يارىم،
غەم بىرلە كۈدۈرەتدىن كۆڭلۈمنى مۇسەففا قىل.
خەم بولدى قەدىم نۇندەك كۈلفەت يۈكىدىن ئاخىر،
كۆپ لۇتفۇ تەرەھھۇملار ھالىمغە، نىگارا، قىل.
ئۆتكەندە چەمەنلەردىن ئول سۇنبۇلى زۈلفىڭنى،
ھەريانغە تاراب تاشلاپ خۇشبويلىغىن ئىفشا قىل.
نەم يەرغە بېرىپ كۆكسىن خىسلەت ياتادۇر تاكى،
كەل كۈلبەسىغە ھەر كۈن، بىچارەگە پەرۋا قىل.
(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 23 ـ بەت)



www.uyghurkitap.com

## تەرەننۇم ئەزخىسلەت ئىشان

ھەجرىڭدە، ئەي يار، كارىم فىغاندۇر،
تىنماي كۆزۈمدىن ئەشكىم رەۋاندۇر.
تارتىپ جۇدالىغ دەردىن ھەمىشە،
ھالىم خەرابۇ رەڭگىم ساماندۇر.
ئەيلە تەرەھھۇم مەنگە، نىگارىم،
ئەھۋالى زارىم سەنگە ئەياندۇر.
سەن سەن ھەبىبىم، ھازىق تەبىبىم،
دەردىمغە دائىم بۇ بىگۇماندۇر.
ئەرمانۇ ھەسرەت كۆپدۇر دىلىمدە،
دىسەم تۇگەنمەس گوياكى كاندۇر.
ھەم لالە يەڭلىغ كۆكسۈمدە قات ـ قات،
باز ئۈستىنە باز داغلار نىھاندۇر.
شاھا غۇلامىڭ فەريادۇ دادىن،
سورمايسەن ئەسلا قانداغ زەماندۇر.
ئەي جانى جانىم، قىلدىم ھەۋالە
تەڭرىغە، بول كۈن ھەر كىم ياماندۇر.
گۇلدەك يۈزىڭنىڭ ئىشقىدە خىسلەت،
بۇلبۇلغە ئوخشاش كارى فىغاندۇر.

(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 83 ـ بەت)

## ئەشۇلە ئەزخىسلەت ئىشان

ئەي نازەنىن، تاشلاپ كىتىپ، قايلاردە قالدىڭ كەچقۇرۇن،
ئىككى كۆزۈم ياشلاپ كىتىپ، قايلاردە قالدىڭ كەچقۇرۇن.
ئارامى جانىم سەن ئىدىڭ شىرىن زەبانىم سەن ئىدىڭ،

ھەم مېھرىبانىم سەن ئىدىڭ، قايلاردە قالدىڭ كەچقۇرۇن.
تاشلاپ كېتىپ بېگانەۋار، بىر زالىمى جانانەۋار،
ئەيلەپ مەنى دىۋانە ۋار، قايلاردە قالدىڭ كەچقۇرۇن.
جانىم كۆيەر بىريان بولۇپ، كۆرمەي يۈزىڭ نالان بولۇپ،
راستىن دېگىل مېھمان بولۇپ، قايلاردە قالدىڭ كەچقۇرۇن.
بىر ئۆمر مەن سەرسانلارىڭ ئىككى كۆزۈم گىريانلارىڭ،
قىلدى ئەدا ھىجرانلارىڭ قايلاردە قالدىڭ كەچقۇرۇن.
ئىشقىڭ ئىلە مەجنۇن بولۇپ، يۈردۈم ھەمىشە ئاھ ئۇرۇپ،
مۇنداغ مېنىڭ ھالىم كۆرۈپ، قايلاردە قالدىڭ كەچقۇرۇن.
تارتىپ مۇشەققەتلەر ھەزار، كۆزدىن ئاقىپ ياش شەش قەتار،
بولدىم ساڭا كۆپ ئىنتىزار، قايلاردە قالدىڭ كەچقۇرۇن.
مەجرۇھ تەنىم بىتاب ئېتىپ، دىيدەمنى ھەم پۇرئاب ئېتىپ،
ئۆزنى دۇرى ناياب ئېتىپ، قايلاردە قالدىڭ كەچقۇرۇن.
خىسلەت دىلىن ۋەيران قىلىپ، دۇشمەنلەرىن خەندان قىلىپ،
كىملەرغە سەن پەيمان قىلىپ، قايلاردە قالدىڭ كەچقۇرۇن.
(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 172 ـ بەت)

## تەرەننۇم ئەزخىسلەت ئىشان

ئايدەك تولۇپدۇر، جانا، يۈزىڭىز،
ۋەھ جانىم ئالغاي فەتتان كۆزىڭىز.
خۇبان ئىلىنىڭ سۇلتانىدۇر سىز،
كۆزلەرغە سۈرمە باسگەن ئىزىڭىز.
ۋەھ جىلۋە بىرلەن مەن خەستە دىلنى،
ئەيلەپ گىرىفتار كېتگەن ئۆزىڭىز.
نەچچە شىرىنلەر شىرىن ئەمەسدۇر،
شىرىن ئالاردىن ھەربىر سۆزىڭىز.
دىلدە نىيەتنى قىلسە يامان كىم،

كور ئەتسۇن ئانى بەرگەن تۈزىكىز.
جانا كۆزۈمغە ئوتدەك يانارسىز،
ئاتەشمۇ ئېركىن يا يۇلدىزىڭىز.
ئىلكىم ئاچىبان قىلغۇم دۇئالار،
بولسۇن زىيادە رىزقۇ رۇزىڭىز.
نېچۈنكى خىسلەت بولبۇل نەۋادۇر،
ئوخشار ئاچىلغان گۇلغە يۈزىڭىز.
(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 175 ـ بەت)

## خىسلەت ئىشاندىن ھاجى ھەمدەمخان شەھرىخانى تەرەفىنە ئىرسال ئولۇنمىش بىر مەكتۇبى مۇھەببەت ئۇسلۇبەدۇر:

خەت يۇبەرىپ گاھى دەفئى غەم قىلىڭ،
يەئنى بۇ غەمكىن دىلىم خۇررەم قىلىڭ.
مۇبتەلادۇرمەن جۇدالىغ دەردىغە،
رەھم ئېتىپ بۇ دەردە سىز مەرھەم قىلىڭ.
خەسم ئولۇپدۇر ئىككىمىزغە ھەر كىشى،
رەشك بارىدىن قەدىنى خەم قىلىڭ.
بىر نېچە يالغانۇ بۇھتان سۆز ئىلە،
قىلسە ئىغۋا كىمكى، سىز مۇلزەم قىلىڭ.
لۇتفۇ ئېھسانلار گەدالەرغە بەسى،
ئۆتمەسۇن تا ۋەقتى ئۇشبۇ دەم قىلىڭ.
سىزگە بەرگەندۇر خۇدايىم ھۇسنى خۇب،
ھەمد ئېتىپ ھەق شۇكرىنى ھەردەم قىلىڭ.
ئايرىلىپ خىسلەت قالاي ھالىڭ دەبان،
خەت يۇبەرىپ گاھى دەفئى غەم قىلىڭ.
(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 181 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ييگى تارىيسى

## غەزەلى خىسلەت ئىشان

غەم بارىدىن بولدى مەنى قەددىم دۇتا، قايداق قىلاي،
قىلماي فىغانۇ نالەلەر شامۇ سەبا، قايداق قىلاي.
لۇتف ئەيلەمەي قىلدىڭ، سىتەم زالىم ئىكەنسەن مۇنچە ھەم،
چىقماي تەنىمدەن، جان ئۇكەم، بولدىڭ جۇدا قايداق قىلاي.
ئەۋۋەل مېنى يار ئەيلەدىڭ، ئاخىر ئەجەب خار ئەيلەدىڭ،
خىرقەم كۆرۈپ ئار ئەيلەدىڭ، مەن بىنەۋا، قايداق قىلاي.
مېھنەت بىلە دەردۇ ئەلەم يالغۇز تاپىپ ھىجرانۇ غەم،
ئاخىر مېنى قىلدى ئەدەم، ۋاۋەيلاتا، قايداق قىلاي.
ھالىم مېنى بولدى خەراب، ئەرزىم ئىشت، ئالىي جەناب،
بەرسەڭ ماڭا يۈزمىڭ ئەزاب، بولدۇم رىزا، قايداق قىلاي.
ئەيلەپ ئىدىڭ ئەھدى ئەمان، ئۇيناپ كۈلۈپ نەچچە زەمان،
ھەركىم ئەگەر بولسە يامان، باردۇر خۇدا، قايداق قىلاي.
نەيلەرمەن ئەمدى مەھۋەشىم، كۆزدىن ئاقار تىنماي ياشىم،
بولسۇن فىدا سەنگە باشىم، جانىم ئۇكا، قايداق قىلاي.
خىسلەت يۈرۈر مەجنۇن بولۇپ، شامۇ سەھەرلەر ئاھ ئۇرۇپ،
تەئنە قىلۇر ھالىن كۆرۈپ شاھۇ گەدا، قايداق قىلاي.
(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 194 ـ بەت)

## غەزەلى خىسلەت ئىشان

ئولدۇم ئەسىرىڭ، ئەي يارى بەرنا،
قىلغىل تەرەھھۇم مەن زارە گاھا.
سالدىڭ دىلىمغە سەۋدايى ئىشقىڭ،
قىلدىڭ مېنى سەن مەجنۇنى شەيدا.
ھەسرەتلەرىمنى ئېيتسام سەراسەر،

ھەرگىز تۈگەنمەس، ئەي مەھفىل ئارا.
قالماس تەنىمدە بىر زەررە تاقەت،
يادىمغە نامىڭ تۈشكەندە، جانا.
قانغە تولۇپدۇر گۈلغۇنچە يەڭلىغ،
كەل، كۆر، يۈرەكىم ھەجرىڭدە گويا.
خىلۋەت قىلۇبان ئەغيارلاردىن،
كەلسەڭ نە بولغاي بىر كېچە تەنھا.
ئەتكىل ئىلاجىن دىۋانەدۇر مەن،
تا بولماسىمەن ئەل ئىچرە رەسۋا.
نەم يەرغە كۆكسىن مەندەك بىرۇبان،
ئىشقىڭدە كىمدۇر ياتگەن، نىگارا.
نامىكنى خىسلەت مەخفىي قىلىپدۇر،
تاپقاي غەزەلدىن كىم بولسە دانا.

(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 195 ـ بەت)

## مەسنەۋى

بۇ كۈن سىزلەرغە ئەربابى فەراسەت،
قىلاي مەن تويچىخاندىن بىر ھىكايەت.
نىھايەتتە ئۆزى دىلدارۇ دىلكەش،
مۇھەييا سۆھبەتىدە نەچچە مەھۋەش.
ئالىپ ساز ئىلكىغە قىلسە تەرەننۇم،
بولۇرلەر سامىئ ئول دەم بارچە مەردۇم.
ھەمە بىئىختىيار رەھمەت دېگەيلەر،
جەھاندە چەكمەغىل زەھمەت دېگەيلەر.
قىلىپدۇر ئەرجۇمەند ئەلغە خۇداۋەند،
بولالماس ھېچ خۇشخان مۇنگە مانەند.
بۇ يەڭلىغ بولسا ھەم يوقتۇر بىناسى،

ئاثا بىردەك جەھان شاھۇ گەداسى.
ئانىڭچۇن شۇھرەتى ئالەمنى تۇتگەن،
دىمەي ئالەم، فەلەك تاقىدىن ئۆتكەن.
مىنى ئۇشبۇ سۆزىم يالغان ئەمەسدۇر،
ئۆزىن بىلگەن مۇنى يالغان دىمەسدۇر.
دىمەكدە بۇ سۆزىم، لىكىن سەبەب بار،
قۇلاق سالىڭ دەمى، مەن ئەيلەي ئىزھار.
قوشۇقنى ئالغۇچى باردۇر ماشىنە،
بولۇر چايخانەلەرنى ئول قاشىنە.
يەنە ھەركىمنى مىھمانخانەسى بار،
ئەمەس ماشىنەسىز ئەمما، ئايا يار.
ئوقۇپ بەرغەن ئاثا كىم بولسە خۇشخان،
كى باردۇر نەچچە خىل فىلىسىنكا، ئەي جان.
قويارلار تويچىخان خانىشلەرىدىن،
ئىشتىگەنغە بولۇر مەقبۇل بارىدىن.
ئەگەر ئۇمرىم بارىچە مەدھىن ئەتسەم،
تۇگەنمەس نەچچە يىل دەفتەرغە بىتسەم.
پىسەند ئولماس كىشىكىم سۆزلەسە كۆپ،
دەبان بەس ئەيلەدىم مەن قىسقەسى خوب.
ئىلاھا، تويچىخان بولسۇن سەلامەت،
بەلادىن ساقلاسۇن تەڭرىم دەۋامەت.
جەھان بارىچە سۇرسۇن دەۋرى دەۋران،
كى يۇرسۇن كۆرمەيىن غەم شادۇ خەندان.
خۇداغە دەۋلەتىن ھەددىن فۇزۇن قىل،
قىلىپ رىزقىن زىياد ئۇمرىن ئۇزۇن قىل.
كەل، ئەي خىسلەت، سۆزىڭ ئەمدى ئەدا قىل،
كى ئۆتمەي فۇرسەت ئەزمى مۇددەئا قىل.

(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 4 ــ بەت)

## مۇۋەششەھ

## سەۋتى دۇگاھ ئەزخىسلەت ئىشان

كۆرۈپ ئاشىقنى ھالىن لۇتۇق ئېتەر ئول تۇرفە جاناندۇر،
پەرىۋەشلەر ئېلىغە بائەدالەت خانۇ سۇلتاندۇر.
ئۆزى دىلكەش، سۆزى شىرىن، ئەجەب ئازادە بىر تەنناز،
قارىغۇنى قىلۇر رەۋشەن، يۈزى چۈن ماھى تاباندۇر.
مۇيەسسەر بولسە كىمغە ئول پەرىنىڭ سۇھبەكى بىر يول،
ئەگەر قالدى دېسە ئەرمان بىلىڭ ئول نامۇسۇلماندۇر.
لەتافەت باغىدە بۇلبۇل يۈزىن گۇل دېپ خەيال ئەيلەپ،
قىلۇر يۈز نالەيۇ فەرياد ئەجەب ھالى پەرىشاندۇر.
خىرام ئېلە ئەگەر گۇلشەنسارى قويسە قەدەم بىر - بىر،
كۆرۈپ بۇ جىلۋەسىن تاۋۇس، ئەجايىپ مەھۋى ھەيراندۇر.
ئانىڭ دەردى فىراقىنى چېكىپ ئاخىر بولۇپ بىمار،
ھەمىشە ئادەتىم شامۇ سەھەرلەر ئاھۇ ئەفغاندۇر.
نىگارىن نامىنى پىنھان ئېتىپ خىسلەت غەزەل ئىچرە،
دېدى تافسە ئوقۇپ ھەركىم ئۇشۇل دەنايى ئىنساندۇر.
(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 125 - بەت)

## مۇۋەششەھى خىسلەت ئىشان

ئارەزىمۇ يا گۇلى رەئنامۇدۇر،
تىشلەرىمۇ يا دۇررى بەيزامۇدۇر.
لەبلەرىمۇ يا بەدەخشان لەئلىمۇ،
يا مەگەر ئول ياقۇتى ھۇمرامۇدۇر.

www.uyghurkitap.com

يۈز تەۋەللا ئەيلەسەم بىر باقمىغاي،
قەھرىمۇ يا نازۇ ئىستىغنامۇدۇر.
خۇش سۇخەن مۇندەك خەلايىق ئىچرە يوق،
تۇتىمۇ يا بۇلبۇلى گويامۇدۇر.
ئويلاپ ئەسلىن ئەرتە ـ كەچلەر بىلمەدىم،
ھۆرمۇ يا بىر پەرى سىمامۇدۇر.
نەچچە كۈنلەردۇر ماڭا لۇتف ئەيلەمەس،
يا ھەرىفلەردىن ئەڭا ئاشنامۇدۇر.
ھەسرىتىدە كۆزدەن ئاققان ياشلارىڭ.
خىسلەتا، يامغۇرمۇ يا دەريامۇدۇر.
(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 194 ـ بەت)

## مۇخەممەس

### تەرانەئى بەيات ئەزمۇخەممەسى خىسلەت

نەيلەرەم باغۇ چەمەن سەيرىنى جانان بولماسە،
مىنسلى تاۋۇس سىلكەنىپ ھەريان خىرامان بولماسە،
سەرۋى قامەت، ئارەزى گۈل، خەتتى رەيھان بولماسە،
چەشمى شەھلا، ئۆزى بەرنا، شاھى خۇبان بولماسە،
ئۆلمەيىنمۇ ھەجرىدىن، جىسمىم ئارا جان بولماسە.

باشىمە تۈشكەن مەنى سەۋدالارىدۇر مۇشكىلىم،
لائەقىل بىر يوقلامايدۇر قايدە قالدى دەپ قۇلىم،
سەر بەسەر ھەسرەتلەرىن، شەرھ ئەتكەلى لالدۇر تىلىم،
ئاي يۈزىن بىر كۆرمەسەم، ھەر تۈن قارانغۇدۇر دىلىم،
رەۋشەن ئولماس كېچەسى تا ماھى تابان بولماسە.

بىر يولى رەھىم ئەيلەمەس مەخمۇملىغىمغە دوستلار،
ئايۇ يىللار ۋەسلىدىن مەھرۇملىغىمغە دوستلار،
سورساڭىز شولدۇر سەبەب مەئدۇملىغىمغە دوستلار،
يىغلامايمۇ بىكەسۇ مەزلۇملىغىمغە دوستلار،
سورغالى ئەھۋالۇ زارىم بىر قەدىردان بولماسە.

كۆلكۆ بولدۇم ئىشقى يوق بىدەردلەرغە ئانچۇنان،
سورماغاي مەخفىي كىلىپ ئەفتادە ھالىم ھەر زەمان،
زەررەچە كۆزگە كۆرۈنمەس خانۇمانۇ مالۇ جان،
دەربەدەرلىكتە كۆرۈپ، يا رەب، مەلامەت ئەيلەغان،
رازى ئېرمەسمەن مەنىڭدەك تاكى سەرسان بولماسە.

ئۇمرلەردۇر تارتارەم بىمىھرى دىلبەر ھەجرىبى،
باغرى سەندان، كۆڭلى قاتتىغ نازپەرۋەر ھەجرىنى،
كۆزلەرى جەللادۋەش، كىرپىكى خەنجەر ھەجرىنى،
چەكمەس ئېردىم بۇ كەبى زالىم ستەمگەر ھەجرىنى،
قەبزەئى قۇدرەت ئەگەر ئەۋۋەلدە يازغان بولماسە.

مەن يۈرۈرمەن ئىشقىدە تەئنۇ مەلامەتلەر بىلە،
كۆزلەرىمدىن ياش تۆكۈپ ئاھۇ نەدامەتلەر بىلە،
سەلتەنەت تەختىدە يارىم ئەيشۇ راھەتلەر بىلە،
چىقسە يۈز خىل تۈرلەنىپ ھۇسنۇ لەتافەتلەر بىلە،
ئادەم ئېرمەس ئول كىشى كۆرگەندە قۇربان بولماسە.

بۇ جەھاندە بىر پەرى رۇخسار ئۇچۇن خىسلەت كەبى،
بارمۇكىن ئەفسانە بولغان يار ئۇچۇن خىسلەت كەبى،
ئەھدى يالغان بىۋەفا دىلدار ئۇچۇن خىسلەت كەبى،

كېچە كۈندۈز قان يۇتۇپ ئەشئار ئۈچۈن خىسلەت كەبى،
ئاشىقى سادىق ئەمەس ئالەمغە داستان بولماسە.
(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 42 ـ بەت)

## تەرانەئى بەيات ئەزمۇخەممەسى خىسلەت ئىشان

ئاھ كىم دىۋانە قىلغان بىر پەرى سەۋداسىدۇر،
ھەم ئانىڭ خۇلقى جەھان ئاشۇفتەيۇ شەيداسىدۇر،
زۇلفى سۇنبۇل ئارەزى باغى ئىرەم رەئناسىدۇر،
ئاھۇنى ئەۋۋارە قىلغان نەرگىسى شەھلاسىدۇر،
خۇبلىغنى بابىدە تەنھاسىنىڭ تەنھاسىدۇر.

كېچە كۈندۈز تارتارەم ھەجرىدە تىنماي ئۇتلىغ ئاھ،
روبەروسىدىن گەر ئۆتسەم مىڭ يولى قىلماس نىگاھ،
ئەي بەرادەرلەر بولۇپتۇر مۇنچە ھەم بەختىم سىياھ،
كەلمەگەي كۈلبەمغە ھەرگىز لۇتف ئېتىپ ئول گاھى گاھ،
ئۆزگەگە لۇتفۇ كەرەملەر ماڭا ئىستىغناسىدۇر.

رەۋشەن ئولماي تالئىم تابارە بولدى شاملار،
ئەرتە ـ كېچ كۈلفەت چېكىپ، جانىمدە يوق ئاراملار،
ئەرز ئېتىپ ھالىم يازارمەن شاھىمە پەيغاملار،
رەھم ئېتىپ قىلماس شەرابى ۋەسلىدىن ئىنئاملار،
تەشنەدۇرمەن ھەجرى گويا كەربالا سەھراسىدۇر.

مىسلى مەجنۇن بولمىشەم ئىشقى ئارا دىۋانەلەر،
كىم بولۇر مەندەك مۇھەببەت ئوتىغە سوزانەلەر،
ئاقىبەت بولدى مەكانىم چۇغزدەك ۋەيرانەلەر،
مەھرەم ئولدى ۋەسلى جانانىمغە ۋەھ بىگانەلەر،
كىم خۇشامەتگۇي بولسە ئول ئانىڭ ئاشناسىدۇر.



www.uyghurkitap.com

خەستەمەن قىلماس تەرەھھۇم يا دىلى سەندانىمدۇر،
دېمەگەي كويۇمدە بۇل ئاۋارەيۇ، سەرسانىمدۇر،
ھېچ كىشىنىڭ مەن كەبى رۇخسارى سارغايغانىمدۇر،
خىدمەتىن ئەيلەپ يەتۇشمەك يارغە ئاسانىمدۇر،
دەپ سەزا بېرگەي خەلايىق ھالى بول ھەلۋاسىدۇر.

ئەيلەرەم مەدھىنى ئىنشا لەھزە تىنماي سۇبھۇ شام،
كۆرمەدىم ئالەمدە مۇنداغ دىلبەرى شىرىن كەلام،
بولغۇسى ئاشۇفتە ھەركىم كۆرسە قىلغانىن خىرام،
ئول پەرى رو ئىشقىدە دىۋانەدۇرلار خاسۇ ئام،
رەئد ئەمەس قوپقىل فەلەكلەردىن بۇلار غەۋغاسىدۇر.

نەزم ئىلەن تەئرىف قىلسام بولغۇسىدۇر بىر كىتاب،
سەفھەلەرغە يازمىشەم ئەۋسافىنى ئەمما بىھىساب،
كۆرسەتەي دەپ ئەلگە ھۇسنىن، خىسلەتا، ئالسە نىقاب،
ناگەھانى كۆرسە يۇزىن مەھۋ بولغاي ئافتاب،
يوق مىسالى دۇنيادە مەھبۇبەلەر ئەئلاسىدۇر.

(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 58 ـ بەت)

## سەۋتى تەرەننۇم مۇخەممەسى خىسلەت ئىشان

ئەي نىگارىم، بۇ نە سەۋدا ئەيلەدىڭ،
مېھرى ئىشقىڭ جان ئەرا جا ئەيلەدىڭ،
خانەئى دىلنى مۇسەففا ئەيلەدىڭ،
ئۆز جەمالىڭنى چۇ پەيدا ئەيلەدىڭ،
ئىشق ئەھلىن مەستۇ شەيدا ئەيلەدىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆمرلەر سەندىن سورارمەن بىر نىشان،
فۇرقەتىڭدە كۆزلەرىمدۇر خۇن فىشان،
ئىستەرەم ۋەسلىڭ، قىلىپ تۈن ـ كۈن فىغان،
گەھ بولۇپ پەيدا بولۇرسەن گاھ نىھان،
بول ئەجەب ئۆزنى ھۇۋەيدا ئەيلەدىڭ.

نارى ئىشقىڭ كۆڭلۈم ئىچرە تاشلابان،
جانۇ جىسمىم ياندۇرۇرغە باشلابان،
ھەسرەتىڭدە كۆزلەرىمنى ياشلابان،
غەيرىلەرنى ئۆزىڭگە يولداشلابان،
ئەقلۇ ھۇشۇم تۇرفە يەغما ئەيلەدىڭ.

بىنەۋا ئەفتادەلەرغە يار ئۆزۈڭ،
لەبلەرىڭدىن دۇر ساچىپ ھەر بار ئۆزۈڭ،
يەتكۈسى ئىتسەڭ كەرەم ئىزھار ئۆزۈڭ،
سورماساڭ ھالىمنى بەس دىشۋار ئۆزۈڭ،
قامەتىم غەم بارىدىن يا ئەيلەدىڭ.

خىسلەتى دىل پارەنى ئىشقىڭ ئارا،
بىكەسۇ بىچارەنى ئىشقىڭ ئارا،
مەھزۇنۇ ئەۋۋارەنى ئىشقىڭ ئارا،
ۋەھ بۇ بەختى قارەنى ئىشقىڭ ئارا،
بىخۇدۇ ئاشۇفتە رەسۋا ئەيلەدىڭ.

(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 84 ـ بەت)

# خىلۋەتى

مۇللا يولداش تۆرەباي ئوغلى خىلۋەتى 1861 - يىلى هازىرقى نەمەنگان ئوبلاستى ئۇيچى رايونى جىيدەكەپە قىشلىقىدا تۇغۇلۇپ، 1924 - يىلى ۋاپات بولغان تالانتلىق شائىر.

خىلۋەتى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلاپ ئىلىم ئېلىشقا زور ئىشتىياق باغلىغان، نەمەنگاندىكى ئاتاقلىق مەدرىسىلەرنىڭ بىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. دوستلۇق، پاك ئىشق - مۇھەببەت، ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئادالەتنى ياقلاش، كەلگۈسىگە ئىشەنچ خىلۋەتى ئەسەرلىرىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىدۇر، ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە مېھنەتكەشلەرنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىقنى، نادانلىق ۋە جاھالەتنى قاتتىق قامچىلىغان.

خىلۋەتى ئۆز ئىجادىدا بىدىل، جامى، نەۋائى، فۇزۇلى ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە داۋاملاشتۇرغان، مۇقىمى، فۇرقەت، نادىم، ھەيرەت قاتارلىق زاماندىش شائىرلار بىلەن ئىجادىي ھەمكارلىق ۋە يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقان. خىلۋەتىنىڭ ئۆزى يېزىپ، ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرۈپ تۈزگەن «دىۋانى خىلۋەتى» نىڭ قولىيازمىسى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قولىيازمىلار ئىنستىتۇتى فوندىدا ساقلانماقتا.

## ھەجۋىئى زەن ئەز خىلۋەتى

جانىبى دۇنياغە ئەرزىگىنى زىياد ئەيلەر خاتۇن،
ھاسىلى ئۆمرۇم ھەۋەس يادىدە باد ئەيلەر خاتۇن.

ئەمرى مەئرۇف نەھيى مۇمكەردىن تەكەللۇم ئەيلەسەڭ،
غوزە يوقدۇر پاختە قىلسام دەپ فەساد ئەيلەر خاتۇن.
ئالمەۋۇ ئۆرۈك يېسەم كۆڭلۈم ئازار دېپ سوز ئېيتىپ،
رەفدە ئۇن ئۆيدە ئوتۇن يوق دەپ ئىناد ئەيلەر خاتۇن.
بۇ كېچە رەۋغەن چىراغ يوق دەپ قەباغىنى چېكىپ،
شەمئىدەك رەۋشەن كۆڭۈللەرنى سەۋاد ئەيلەر خاتۇن.
ئاخىرەتنى تۆشەسى زۇھد ئىلە تەقۋىدۇر دېسەڭ،
سەندۇق ئۇزرە كۆرفەيۇ بالىش زىياد ئەيلەر خاتۇن.
تىڭلاماس پەندۇ نەسىھەتنى مەسىھادىن قاچىپ،
كۆرسە شەيتاننى خىزىر دەپ ئىئتىقاد ئەيلەر خاتۇن.
كۆندەگىدىن بىر كېچە كەمراق ئەگەر ياتساڭ يىراق،
دەربەدەر يۈگۈرۈپ يەنە ھەر كىمگە داد ئەيلەر خاتۇن.
دۇن تەبىئەتلەر كۆتىغە تەپسەلەر ئار ئەيلەمەس،
تەبئى نازۇك ئەرنى رەسۋايى بىلاد ئەيلەر خاتۇن.
بارمايىن مەكتەب ئارا ئۇستاددىن ئۇرگەنمەيىن،
يۈز تۇمەن مەككارلىقنى ئىجتىھاد ئەيلەر خاتۇن.
ناتەۋان ئەرنى يەقاسىدىن تۇتۇپ شاۋقۇن قىلىپ،
بويىنىغە رىسمان سالىپ تۇرغە ئىزاد ئەيلەر خاتۇن.
نازۇ ئىستىغنا بىلەن خىلۋەت ئارا كوكسىن يازىپ،
بىر كېلىپ قالغان گىرىھلەرنى كۇشاد ئەيلەر خاتۇن.
(«بەياز» 126 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# دىلكەش تاشكەندى

مىرزا قارى 1808 ـ يىلى تاشكەنتتە تۇغۇلۇپ 1885 ـ يىلى ۋاپات بولغان. دىلكەش تەخەللۇسى بىلەن ئىجات قىلغان تالانتلىق شائىر.

دىلكەش تاشكەندى بىزگە نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، شائىر ۋاپاتىدىن كېيىن مىرئەزەم مىرسۇلتان ئوغلى دىلكەشنىڭ بىر بۆلۈك شېئىرلىرىنى يىغىپ توپلاپ «بەيازى دىلكەش» نامى بىلەن 1902 ـ يىلى تاشكەنتتە تاش مەتبەئەدە چاپ قىلىپ تارقاتقان. ئۇنىڭدىن باشقا مىرمەخدۇم شاھ يۇنۇس ئوغلى توپلىغان «بەيازى مۇھەللا» (1911 ـ يىلى) ۋە موللا ئەھمەد مىرزا كەرىم ئوغلى جەملىگەن «بەيازى ھەزىنى» (1912 ـ يىلى) قاتارلىق بەيازلار ۋە باشقا مەجمۇئەلەرگە شائىر دىلكەشنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن، بۇ ئەسەرلەر زامانىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

## غەزەللەر

ئىشق ئىچرە سىنى دىدىمۇ، دىلبەر، ئۆلە يازدىم،
رەھم ئەيلە بۇ ھالىمغە، ستەمگەر، ئۆلە يازدىم.
خۇب ئولدى تەغافۇل بىلە ئىتدىڭ مەنى بىخۇد،
دىۋانە بولۇپ ۋەھكى قەلەندەر بولە يازدىم.
ئوت تۇشتى نىھادىمغە كۆرۈپ ماھۋەشىمنى،
شەۋق ئوتىدە مىسلى سەمەندەر بولە يازدىم.
بەغرىم يارەسى ناۋەكى مىژگان ئەدەدى يوق،

www.uyghurkitap.com

قاشى ياللارىدىن نىچچە مۇقەررەر ئۆلە يازدىم.
دەردىم كۆپ ئۇلۇر فىكرى ئەگەر كەلمەسە دىلغە،
چۇن كەلسە ئەجەب ۋالەۋۇ بىسەر بولە يازدىم
قەددىم خەمىيۇ سوزىشى كۆڭلۇمغە نەزارە،
چۇن ئەيلەب ئۆزىم غەيرى مۇكەررەر ئولە يازدىم.
دىلكەش نىدەپ ئولدۇڭ غەمى ئىشق ئىچرە گىرىفتار،
باشىمغە سالىپ قىنىمى مۇقەددەر ئۆلە يازدىم.
(«بەيازى هەزىنى» 133 ـ بەت)

* *

خەيالىڭدۇر كۆڭۈلنى خانەسىدە،
ئانىڭ نۇرى كۆزۈم كاشانەسىدە.
غەمىڭدىن كىچە كۇندۇز تەلبەۋارەم،
نەزاكەتلەر ئىمىش مەستانەسىدە.
ئەلەم نەكىم بەلا خەيلى تۇزۇپ سەف،
فىغانىدىن ئۆزگە يوق دىۋانەسىدە.
تۇتاشىپ ئاھ ئوتى باغرىمدە پىنھان،
بۇ بىكەسنى دىلى ۋەيرانەسىدە.
چەمەندە گۈل كەبى مەن قان يۇتارمەن،
بۇ رەسم ئىلە جەفا دەۋرانەسىدە.
بولۇپ بىخۇد جەفا بىرلە ئەلەمدىن،
ئەجەب سەرمەست ئولۇپ مەيخانەسىدە.
نەۋا تاپماس كىشى ھەم بەرگى ئۇممىد،
بارىپ تا ياتمايىن ئاستانەسىدە.
قەدى خەمدىن ھەزەر قىلماق ئىمىش خۇب،
كەمان بىل ئاھ ئوقى پەررانەسىدە،
ئەلەمدىن ئاھلار كىم نىچە دىلكەش،
چىكىپ پىنھانى ئاتەشخانەسىدە.
(«بەيازى هەزىنى» 134 ـ بەت)

# مۇخەممەسلەر

## مۇخەممەسى مەۋلانا دىلكەش مەرھۇم

دەمادەم خۇدانى ئېتىب يادلار،
ئوقۇرمەن ھەمىشە بۇ ئەۋرادلار،
گەھى غەم كېلۇر چۇن گەھى شادلار،
بۇزۇلغاي ھەمەسى بۇ بۇنيادلار،
بۇ ئىجادلاردۇر، بۇ ئىجادلار.

مەنى تەبئىمى گۇلفۇرۇش ئەيلەمىش،
لەبىن زىكرىدە جانفۇرۇش ئەيلەمىش،
سۆزى غارەتى ئەقلۇ ھۇش ئەيلەمىش،
چەمەن سەرۋىدەك تا يۇرۇش ئەيلەمىش،
بۇ كەييادلاردۇر، بۇ كەييادلار.

كۆزۈم غەرقە بولدى جىگەر قانىدە،
كۆڭۈللەر فىدا رەخشى جەۋلانىدە،
تۇرائالمايىن ئىشق مەيدانىدە،
يېتۇشمەس ئۇلۇغ قەسرۇ ئەيۋانىدە،
بۇ فەريادلاردۇر، بۇ فەريادلار.

ئەجەب تۇند ئولۇب، قاش ئۇزە چىن سالىب،
ئەگەر چىن دېسەم غارەتى دىن سالىپ،
مۇھىبلەر دىلىغە نېچە گىن سالىپ،
تەمەششا ئېلىغە نې تەھسىن سالىپ،
بۇ جەللادلاردۇر، بۇ جەللادلار.

www.uyghurkitap.com

كى غەمزەڭ ئوقىن ئات ۋەفا ئەھلىغە،
غەمى ھەجر ئارا پۇرجەفا ئەھلىغە،
يولۇڭدە ھەمە بىنەۋا ئەھلىغە،
نىكى نەقشىن ئۇر كۆپ غەنا ئەھلىغە،
بۇ ناشادلاردۇر، بۇ ناشادلار.

ئىكى قاشىنە بىريان ئىكى زۇلف كەمەند،
ئېتەر ئىشق ئېلى جانىنى قەيدۇ بەند،
يەنە قەتل ئۇچۇن تىغى ئەبرۇ دۇنەند،
نىھان ئەيلەبان يۇزنى مۇشكىن پەرەند،
بۇ سەييادلاردۇر، بۇ سەييادلار.

ئۆتۇپ گاھ يۇز شورۇ غەۋغا بىلە،
كىشىغە كۆز ئاچماي تەمەننا بىلە،
مۇنىڭدەك ھەمەغە تەماشا بىلە،
يىراقدىن تۇرۇپ مەن تەۋەللا بىلە،
بۇ ئۇستادلاردۇر، بۇ ئۇستادلار.

كىشى كۆرمەمىشدۇر مۇنىڭدەك پەرى،
پەرىلەر سەراسىيۇ سەردەفتەرى،
كۆڭۇللەر ئالۇرغە ئەجەب دىلبەرى،
چەمەن نەۋدەسىدۇر ئانىڭ قەدلەرى،
بۇ ئازادلاردۇر، بۇ ئازادلار.

قالىپ دىلكەشى داغىنىڭ داغىدە،
نې لالە داغىدەك نې گۇل باغىدە،
كۆرۇپ تا ئۆزىن ئەجز تۇفراغىدە،

بولاركىم دېمىشلەر بەلا تاغىدە،
بۇ فەرھادلاردۇر، بۇ فەرھادلار.
(«بەيازى ھەزىنى» 136 ـ بەت)

## مۇخەممەسى دىلكەش بەرغەزەلى ئەمىر

يوق سەن كەبى ئىستەسەم ئەجەمنى،
خوبلىغدە ھەدىقەئى ئىرەمنى،
دەرد ئۇزرە زىياد ئېتىپ يارەمنى،
قاشىڭغە تەگكۈزمەگىل قەلەمنى،
بۇ خەت بىلە يازمەگىل رەقەمنى.

ۋەقف ئۇلدى غەمىڭ ماڭا سەراپا،
ھەجرىڭ غەمىدەك غەمىم يوق ئەسلا،
باشدىن ئەياغىڭ ئەجەب مۇسەففا،
بۇتخانەلەر ئىچرە ھىچ تەرسا،
بىر كۆرمەدى سەن كەبى سەنەمنى.

جانلارغە غىزا تەكەللۇم ئەتكىل،
لۇتق ئىلە نەچە تەبەسسۇم ئەتكىل،
خۇبان ئېلىدىن تەقەددۇم ئەتكىل،
ئاشىقلەرىڭە تەرەھھۇم ئەتكىل،
كۆپ ئەيلەمە جەۋر ئىلە ستەمنى.

فىكرىڭ دىل ئارا مۇقەررەر ئۇلسا،
گوياكى جەھان مۇئەتتەر ئۇلسا،
ھەم كۆزۈ كۆڭۈل مۇنەۋۋەر ئۇلسا،
نەقشى قەدەمىڭ مۇيەسسەر ئۇلسا،
نەيلەي بۇ جەھاندە جامى جەمنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاشۇفتەۋۇ زار بىر دەرەمىڭ،
هەم ئاجىزۇ خار پۇرجۇرمىڭ،
جانلاردە غەمىڭ تولا يارىمىڭ،
كۆڭلۇم قۇشى تاير هەرىمىڭ،
سەيد ئەتمەگەي تايىرى هەرەمنى.

يادىدە لەبىڭنى خۇن كۆڭۈللەر،
شاد ئەيلە نىچە بۇگۇن كۆڭۈللەر،
ئىشق ئىچرە قىلۇر ئۇيۇن كۆڭۈللەر،
يوق ئالەم ئارا بۇتۇم كۆڭۈللەر،
زۇلفىڭدىن ئايىرمە پىچۇ خەمنى.

تا شەهرى غەمىڭدە شاھ بولدۇم،
نالەندەۋۇ هەم پۇرئاھ بولدۇم،
گاهى يوق ئۆزۇمدە، گاھ بولدۇم،
يولۇڭدە غۇبارى راھ بولدۇم،
باشىمگە يەتۇرمەدىڭ قەدەمنى.

دائىمكى خەيالىڭە ئەسىرمەن،
ئەفتادە فىگارى بىنەزىرمەن،
غەم بارىنى چەككەلى دەلىرمەن،
سەن ياردىن ئۆزگە كىمغە دەرمەن،
كۆڭلۇمدەگى دەرد ئىلە ئەلەمنى.

نازۇكلار ئىلىن هەرىرىدۇرسەن،
نەۋخەتلەر ئارادە بىرىدۇرسەن،
هەم دىلكەشۇ خۇش زەمىرىدۇرسەن،

ئىقلىمى ۋەفا ئەمىرىدۇرسەن،
ئەي شاھ بۇ گەداغە قىل كەرەمنى.
(«بەيازى ھەزىنى» 171 ـ بەت)

## ۋىدائ رەمەزانى شەرىف

ئەلۋىدائ، مەھى خوجەستە سىفات،
ئەلۋىدائ، باسئىسى ھەمە فەرەجات،
ئەلۋىدائ، بارچەغە بولۇپ تەرابات،
ئەلۋىدائ، كۆپ سەلام ھەم رەھىمات،
ئەلۋىدائ، ئەلۋەدائ، با بەرەكات.

ئەلۋىدائىم ئۆزە فىراقىڭىز،
يەنە يىلغىچە ئىشتىياقىڭىز،
ساقلايىن دىلدە ئىشتىياقىڭىز،
ئىستەبان دائىما ۋىساقىڭىز،
كۆزلەرىمدىن تۆكۈپ ئەجەب قەتەرات.

كەلدىڭىز دائىما كەرامات ئىلەن،
ھەم نەئەم يەتكۈزۈپ قەنائەت ئىلەن،
فەيزۇ رەھمەت يەنە ئىزافەت ئىلەن،
ياخشىلىق بابىدىن بىشارەت ئىلەن،
ئەلۋىدائ، ئەي شەرىفى باشەرەفات.

ۋەئدەئى مەغفىرەت ئىشارەتىنىڭ،
يوق قىلۇرغە تامۇغ ھەرارەتىنىڭ،
مەئىسىيەت ئەفۋىنى بىشارەتىنىڭ،

كەلتۈرۈپ يانە ئەتەق ئىبارەتىنىڭ،
ئەي شەھۋارى كەرىم پۈرنەئەمات.

ئەي مەھى دىلرەبا، سەنالار ئېتىپ،
ئول كېچە تەۋفى ئول پەيەمبەر ئېتىپ،
تەشنەلەرغە مۇژدەئى كەۋسەر ئېتىپ،
ئىككى سەندۇق تولاكى دەفتەر ئېتىپ،
بىرى ئىسيان ئۈچۈن، بىرى ھەسەنات.

ھەر كېچە بەچچەلەر ئوقۇپ رەمەزان،
لەيلەتۇلقەدر ئولۇپ مەھەللى ئەمان،
بىلگەن ئادەم بولۇپ نېچە فەرەھان،
فەيزى غەيبى يېتىپ چۇ رۇھى رەۋان،
ئەھلى سۈننەت تاپىپ ئۇلۇغ دەرەجات.

ئەي شەھى سەر بەلەندۇ ئالى مەقام،
قىلدى ئالَلاھ سىزە شەرىفى كەلام،
رەھمەتى بەھرىدىن ئېتىپ ئىنئام،
رۇزەنىڭ ئەمرىنى قىلىپ ئەئلام،
ئاسىلەر نەفلىغە بولۇپ سەمەرات.

يا رەب ئەت جۈملەنى ئەتائغە دۇخۇل،
كەردە ناكەردەسىن ئېتىپ مەقبۇل،
شادىكام ئەيلەغىل تۇفەيلى رەسۇل،
قالماغاي دىلكەشى ھەزىنىڭ ئول،
تەشنە لەب نەزئى جان تا ئەرەسات.

(«بەيازى ھەزىنى» 176 ـ بەت)

# راغىبى

مۇھەممەد رەھىم راغىبى 1865 ـ يىلى خارەزمدە تۇغۇلغان بولۇپ، 1934 ـ يىلى ۋاپات بولغان. راغىبى دەسلەپكى مەلۇماتىنى مەھەللىسىدىكى مەكتەپتە ۋە ئۆرگەنچ شەھىرىدە ئالغان. كېيىن خىۋەدىكى «مۇھەممەد ئىمىن مەدرىسىسى» دە ئىلىم تەھسىل قىلغان، ياشلىق دەۋرىدىن باشلاپلا ئەدەبىياتقا زور ئىشتىياق باغلاپ، راغىب (رىغبەتلىك، ئىشلىگۈچى) تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. راغىبىنىڭ شېئىرى تالانتىغا قايىل بولغان مۇھەممەد رەھىم Ⅱ (فىرۇز) شائىرنى سارايغا تەكلىپ قىلغان، ئەمما راغىبى ساراي مۇھىتى بىلەن كېلىشەلمەي چىقىپ كەتكەن ۋە خارەزمدە يېڭى جەمئىيەت قۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان.

راغىبى ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان نادىر شېئىرلارنى يازغان، شائىرنىڭ «دىۋانى راغىبى» ناملىق توپلىمى ئۆزبېكىستان شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندىدا ۋە خىۋە تارىخ ـ ئىنقىلاب مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى خارەزمدە تۈزۈلگەن بەيازلار ۋە «مەجمۇئەتۇش ـ شۇ ئەرايى پەيرەۋى فىرۇز شاھى» قاتارلىق مەجمۇئەلەرگە كىرگۈزۈلگەن.

## غەزەللەر

لەبىڭنى ئابى ھەيۋانى تەنىمغە جان بېرەدۇر،
شىكار ئەھلى كىرەككىم ئىتىغە نان بېرەدۇر.

تەراۋەتىڭغە تەجەمەل ئېتەرغە خالىمۇ يا،
كۆڭۈل قۇشىنى غىزاسى بولۇرغە دان بېرەدۇر.
فەرىب بىرلە كۆزىڭ مەردۇمى قىيا باقادۇر،
قاراسە ئۇترۇ كىمىڭ جانىغە ئەمان بېرەدۇر.
ئوت ئىچرە تۇشتى يۈرەك، گۈل يۈزىڭنى ھۇرفىدىن،
سىرىشك ئورنىغە باغرىم تۆشۈكى قان بېرەدۇر.
لىگەندە نۇقرەئى دەرمان سويىمۇكىم كۆرۈنۇر،
تەكەللۇمىڭدە لەبىڭ تەئمى ناردان بېرەدۇر.
لەتافەتىڭدىن ئۇمىدى ھەيات ئەيلەرمەن،
غەزەبدە تۇزلىغىڭ مەرگدىن نىشان بېرەدۇر.
ھەزار گۈلدىن ئۇزۇپ دەستە قىلسا نامىڭنى،
دىماغى راغىبغە بويى گۈلىستان بېرەدۇر.
(«بەياز» 81 ـ بەت)

* *

نې بولۇركى بىر كۆرسەم قامەتىڭنى، ئەي دىلبەر،
غەم بىلە مېنى قويمە ئۆلدۈم ئەي پەرى پەيكەر،
بىر كۈنىدە فۇرسەت تاپ، يوقلا كەل، خۇدا ھەققى،
ساڭا قول بولۇپ قالدىم، ئەيلەگىل سۆزۈم باۋەر.
كېچەلەر سېنى يادىڭ كۆزگە ئۇيقۇ كەلتۈرمەس،
قىلماساڭ تەرەھھۇم گەر، يىغلارەمكى تا مەھشەر.
ئېيتائالمەدىم ئەرزىم، دۈشمەن ئالماسۇن مەزمۇن،
پەردە ئىچرە سەندۇرسەن، كوچەلەردە مەن بىسەر.
ئەيلەدىڭ بۇ يەڭلىغ زار يوقمۇدۇر ۋەبالىمكىم،
جان بىلە قەبۇل ئەتدىم باشىم ئۈزرە سال خەنجەر.
داغلاركى كۆكسۈمدە يازدىلەر رەقەم يۈز داد،

خاتىرىمدە كۆرگۆزدى جان رىشتەسىنى مەستەر.
لۇتق بىرلە ياد ئەتتىڭىل راغىبى تىلەر سەندىن،
ياقماغىل قۇرۇق تەننى كۆيمەكىغە كۆپ ئوتلەر.
(«بەياز» 82 ـ بەت)

* *

لالە كۆكسىدەك بەغرىم تەھ بەتەھ قارا قانلار،
ھەجرى ئىبتىلاسىدۇر، نەيلەي ئەي قەدىردانلار.
غەمزە ئوتىدىن ھەريان باش چىقاردىلار چەندان،
جىسمى ناتەۋانىمىن دەستە ـ دەستە پەيكانلار.
بىر دەم ئەيلە مەردۇملىق دىدەم ئىچرە مەنزىل قىل،
دۇررى لەئل ساچسۇنلار مەقدەمىڭە مۇژگانلار.
ۋەئدەلەر قىلىپ ئىردىڭ شاد، ئىتەي سىنى غەمدىن،
ئۇشبۇ غەمدە جان بەردىم، قانى ئەھدۇ پەيمانلار.
سەن نىچۈك پەرىدۇرسەن تاپمادىم سوراغىڭنى،
كەزمىشەم قۇيۇن يەڭلىغ ۋادىئى بەيابانلار.
گۇلخانىنى قان تارتتى، ئەزمى كويى يار ئەتتى،
قەتل ئىتەرغە مۇژگانلار چىكتى تىخى ئۇريانلار.
(«بەياز» 83 ـ بەت)

* *

يار ئىلەن باغ ئارا بادە نۇش ئەتمەدىم،
ئىككولەن مەست ئولۇپ بىر ئاغۇش ئەتمەدىم.
فەسلى گۇل چۈن ئۆتۈپ سەرۋى ناز ئىلكىدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغقى ئادرېسى

بىر ئاياغ مەي ئىچىپ دىلنى خۇش ئەتمەدىم.
بىر بارىپ دەپ ئىدى خاتىرىڭ شاد ئېتەي،
ۋەئدەئى ۋەسلىنى فەرامۇش ئەتمەدىم.
ئەقلىمى ئالدى كۆزىڭ ئەزەلدىن ئەبەد،
ئۆزگە نەرگىسلەرەھ سەرفى ھۇش ئەتمەدىم.
لەززەتى بادەنى يۈزى گۈلزارىدە،
كۆرمەيىن نەشئەسىن تا خۇرۇش ئەتمەدىم.
مۇترىبى دەھر ئەگەر نەغمە ساز ئەيلەسە،
تاكى دەم ئۇرماسە ئاڭا گۇش ئەتمەدىم.
راغىب ھۇزۇرى لەب يادىدە يىغلاماي،
خاتىرىم باغىنى سەبزەپۇش ئەتمەدىم.

(«بەياز» 156 ـ بەت)

* *

ئاشۇفتەھال ئۇلدۇم كويۇڭدە، ئەي گۇل،
يىتمەس سەڭا ھەر دەم فەريادى بۇلبۇل.
يۇزىڭنى كۆرمەيىن ئۆلدۇم تەلەبدە،
يادىڭدە تىنمايىن ئەۋۋارە كۆڭۇل.
باغ ئىچرە قامەتىڭ كۆردۇم ئۇشۇل كۈن،
ئاھىم يەلى بىرلەن تەبرەندى سۇنبۇل.
ۋەيرانە مەسكەنىم كۆز ياشى بىرلەن،
دىۋانە ئەيلەدى باش ئۇزرە كاكۇل.
سىنەمنى راغىبى دەردى ئايتاي،
ھالىمنى كۆرسەتەي شىشەئى قۇلقۇل.

(«بەياز» 157 ـ بەت)

## مۇۋەششەھى راغىبى:

ئەي يۈزى گۈل، قەدىڭمۇدۇر شەمشاد،
ھەجر شامىدە چەكدۈگۈم مىڭ داد.
ياستانىپسەن بۇ دەۋرى گۈلشەندە،
بۈتمەدى قامەتىڭ كەبى ئازاد.
شانەدەك كۆكسىنى قىلىپ يۈز چاك،
چىكەئالماسدۇر سۇرەتىڭ بىھزاد.
ئىككى كۆز مەردۇمىمۇ يا بىلمەدىم،
مەگەر فەن ئەھلىغەدۇرۇر ئۇستاد.
نې ئۇچۇن باش كۆتەردى مۈژگانىڭ،
قەتل ئۇچۇن ھەربىرىدۇرۇر جەللاد.
خەمى ئەبروغە دىلگۈداز ئولدى،
ئوسمە رەڭگىدىن ئەيلەغەندە سەۋاد.
ئول ئىكى ئەفئى گەنجى ھۇسنۇڭدە،
سالماسۇن ئەلغە فىتنە بىرلە فەساد.
نەزەرىڭ راغىبى سارى تۈشسە،
تالىئ يارۇ بەخت ئولدى كۈشاد.

(«بەياز» 158 ـ بەت)

## مۇخەممەسى راغىبى:

نې بەلا كۆنكى، ئاشىنا بولدۇم،
گۈل يۈزىڭ زەۋقىدىن ئەدا بولدۇم،
خىرمەنى غەم ئارا فەنا بولدۇم،

ۋەسل ئۈچۈن دەر بەدەر گەدا بولدۇم،
ئەل ئەرا خارۇ بىنەۋا بولدۇم.

ۋەئدەنى كۆپ ماڭا قىلىپ ئېردىڭ،
تالئىم بار ئىدى كېلىپ ئېردىڭ،
ئىشقى رەسۋالىغىم بىلىپ ئېردىڭ،
چۈن ۋەفا تەختىغە مىنىپ ئېردىڭ،
كېلە كۆر، غەم بىلە ئەدا بولدۇم.

ساڭا غەم تۆشكەنىدە ھەمدەم ئىدىم،
ھەر سىرىڭغە بار ئىدىكى مەھرەم ئىدىم،
ئەيشىڭە خۇش، غەمىڭە مەرھەم ئىدىم،
قۇل ئۆزۈمنى نېچۈك دەيىن كەم ئېدىم،
يوقلاغىل بارچەدىن سەۋا بولدۇم.

قورقۇڭىز، ئەي سەنەم، ۋەبالىمدىن،
لۇتفىڭىز كەتمەدى خەيالىمدىن،
تولدى ئالەم سىرىشكى ئالىمدىن،
باخەبەر بولمادىڭ سۇئالىمدىن،
جان نىسار ئەگە رىزا بولدۇم.

قەدەمىڭنى يەتۈركى باشىمغە،
زەھر قوشتى فەلەك مەئاشىمغە،
مۇنتەزىرلىك بىلەن قاراشىمغە،
رەھم ئىيلە ئال ئۆزىڭنى قاشىمغە،
بىدەۋا دەردە مۇبتەلا بولدۇم.

دائىما بۇ تەننىمدەدۇر تەبۇ تاب،
جىسمۇ جانىم يولۇڭدە ئۆلدى تۇراب،
يا ئۆل ئاي سالدىمۇ يۈزىغە نىقاب،
يا قەمەر چېھرەسىنى ئالدى سەھاب،
بەسكى ھەيرانى مەھلىقا بولدۇم.

بارى غۇربەت قەدىمنى خەم قىلدى،
ھەجرىدە تاقەتىمنى كەم قىلدى،
راغىبى ئەرزىنى رەقەم قىلدى،
زەئىفدىن بۇيلە شەرھى غەم قىلدى،
خامە نالى كەبى دۇتا بولدۇم.

(«بەياز» 208 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# زەۋقى

ئۇبەيدۇللا سالىھ ئوغلى زەۋقى 1853 ـ يىلى قوقەند شەھىرىنىڭ شەيخان (ھازىرقى قىيابار) مەھەللىسىدە كاسىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، 1921 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

دېموكراتىك شائىر. ئۇ ياشلىق دەۋرىدە قوقەندىكى «مەدرىسەئى ئالى» ۋە «چەلپەك مەدرىسىسى» دە تەلىم ئالغان ۋە شۇ مەزگىلدىن باشلاپ «زەۋقى» تەخەللۇسى بىلەن ئىجادىيەتكە قەدەم قويۇپ شېئىرىي تالانتىنى نامايان قىلغان. زەۋقى 1874 ـ يىلى ئائىلىۋى قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن مەدرىسىدىكى ئوقۇشنى توختىتىپ، ئاتا كەسپى موزدۇزلۇق بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولغان، كېيىنچە قوقاندىكى مەشھۇر سودىگەر مۆمىنقان يېنىدا كاتىپلىق قىلىپ، تۇرمۇشىنى قامدىغان.

شائىر زەۋقى مەيلى ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە بولسۇن ياكى موزدۇزلۇق ۋە كاتىپلىق قىلغان مەزگىللىرىدە بولسۇن ئۆگىنىش ۋە ئىجاد قىلىشنى توختىتىپ قويمىغان. ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى شائىر ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئەدەبىياتشۇناسلار بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ بولغان. ئۇ بىزگە مول ئەدەبىي مىراسلىرىنى قالدۇرغان. ئۇنىڭ بۇ قىممەتلىك ئەسەرلىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نەشر قىلىنغان مەجمۇئە ۋە بايازلارغا كىرگۈزۈلگەن ھەم قوليازما ھالەتتە خەلق قولىدا ساقلىنىپ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

شائىر زەۋقى مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتتا ياشاپ

ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، شېئىرىيەتنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىدە مەزمۇن دائىرىسى كەڭ ئەسەرلەرنى يارانقان، بۇ مىراسلار ئىچىدە غەزەلدىن باشقا ئۆتكۈر يۇمۇرىستىك روھقا ئىگە چوڭقۇر سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن 130 مىسرالىق «ۋاقىئائى قازى سەيلاۋ» (1909 ـ 1910) ، 92 مىسرالىق «قەھەتچىلىك» (1916 ـ يىلى) داستانلىرى ۋە «تەئرىفى كەلەش» (كالاچ تەرىپى) ، «ئاتىم» ، «ئۆلسۇن ئاتىڭ» ، «پەششەلەر» (چىۋىنلار) ، «فانۇس» قاتارلىق ھەجۋىيلىرى مەشھۇر.

## نالەش ئەززەۋقى خوقەندى

گۇنەھ قىلماقدە، ئەي تەن، ئويلا كۆيگەنىڭە ئەرزىرمۇ،
بۇ يەڭلىغ مىڭ يىل ئۇمرۇڭ بىر كۈن ئۆلگەنىڭە ئەرزىرمۇ.
يۇرۇرسەن ئەيشى بىرلە لەززەتى نەفسۇ ھەۋا ئىستەب،
جەھان شىرىنلىكى باتەلخەئى جانىڭە ئەرزىرمۇ.
يىگىتلىك قۇۋۋەتىنى سەرف ئېتىپ بىھۇدە ئىشلارغە،
قارىغان ۋەقتدەگى ئەفسۇسۇ ئەرمانىڭە ئەرزىرمۇ.
جەھاننى كىردىگارى سەلتەنەتدە شاھلىغ تەختى،
قارا يەر ئاستىدە بىر كىچە ياتغانىڭە ئەرزىرمۇ.
تەئەددى زۇلم ئىلە بۇ جەمئ قىلغان مۇلكۇ ئەھۋالىڭ،
كېتەر پۇرسەتدەگى ھالى پەرىشانىڭە ئەرزىرمۇ.
مىنەر بولساڭ سەھەتلىكدە ئەگەر تازىي سىرات ئۇزرە،
ياغاچ ئات فىكرىنى قىلغىلكى، جەۋلانىڭە ئەرزىرمۇ.
ئىرۇر مەشرىقدە خۇرشىدى ھەياتىڭ تەۋبە قىلمايسەن،
چىقار بولغاندا مەغرىبدىن پۇشايمانىڭە ئەرزىرمۇ.
تىرىكلىك بارىدە ئىستە ھەقىقەت يارىنى، ئەي زەۋقى،
مەجازىلەرنى ۋەسلى سوزى ھىجرانىڭە ئەرزىرمۇ.

(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 74 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

# شەۋقى

19 ـ ئەسىر ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا بىزگە مەلۇم بولغان «شەۋقى» تەخەللۇسى بىلەن ئىجاد قىلغان ئىككى نەپەر ئۆزبېك شائىرى ئۆتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ تۇغۇلۇپ ئىجاد ئەتكەن ۋە ۋاپات بولغان يىللىرىدا 20 يىل ئەتراپىدا پەرق بار. بىز مەزكۇر «بەياز» غا «شەۋقى» تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ مۇسەددەسىنى كىرگۈزدۇق. بۇ مۇسەددەس قايسى شەۋقىنىڭ ئىجادى مىراسىغا مەنسۇپ، بۇ بىزنىڭ زاماندىكى شەۋقىلەر ئۈستىدىكى كېيىنكى تەتقىقاتىمىزدا ئايدىڭلاشقۇسى.

شەۋقى كاتتا قورغانى — مۇھەممەد شەرىف 1785 ـ يىلى هازىرقى سەمەرقەند ئوبلاستى كاتتا قورغان شەھىرى ئەتراپىدىكى ئەلىجان قىشلىقىدا تۇغۇلۇپ 1861 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ 1815 ـ يىلى بۇخارادىكى «گاۋ كۇشان مەدرىسىسى» دە ئوقۇپ ئالىي مەلۇماتقا ئىگە بولغان ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ «شەۋقى» تەخەللۇسى بىلەن ئۆزبېك، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا نۇرغۇنلىغان گۈزەل لىرىكىلارنى ئىجاد قىلغاندىن سىرت مۇسۇلمانچىلىق قانۇن ـ قائىدىلىرىنىڭ قىسقا مەجمۇئەسى «مۇختەسەرۇل ۋىقايە» ناملىق 23 مىڭ مىسرالىق زور ھەجىملىك ئەسەرنى «مىرئاتەل ـ مۇختەسەر» نامى بىلەن پارس تىلىدا نەزمىي يول بىلەن شەرھلىگەن ۋە ئۇنىڭغا لۇغەت تۈزگەن (1839 ـ 1840 ـ يىللار). ئەرەب تىلى گراماتىكىسىغا ئائىت «رىسالەئى قافىيەئى مىراتون ـ نەھۋ» ئەسىرىنى يازغان.

شەۋقى نەمەنگانى — موللا شەمسى موللا هوسەن ئوغلى 1805 ـ يىلى هازىرقى نەمەنگان ئوبلاستى تۆرەقورغان رايونى كالۋاك قىشلىقىدا تۇغۇلۇپ، 1889 ـ يىلى ۋاپات بولغان. كىچىكىدىنلا زېرەك ۋە تىرىشچان ئۆسۈپ يېتىلگەن موللا شەمسى «شاهەند مەدرىسىسى»دە ئەتراپلىق ئىلىم تەهسىل قىلغان. ئۇنىڭ هاياتى غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆتكەن بولۇپ، بىر مەزگىل بايلارغا شەخسىي كاتىپ بولغان، كېيىنچە بوز توقۇپ تۇرمۇشىنى قامدىغان. موللا شەمسى قانچىلىك قىيىنچىلىق ئىچىدە ياشىمىسۇن، ئىلىم تەهسىل قىلىش ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن توختاپ قالمىغان. ئۇ «شەۋقى» تەخەللۇسى بىلەن نۇرغۇنلىغان لىرىكىلارنى ئىجاد قىلغاندىن سىرت، بىرقانچە شېئىرىي دىۋان تۈزگەن ۋە «جامىئۇل ـ ھەۋادىس»، «جەڭنامەئى خۇدايارخان»، «تارىخىي قوقەند» هەم «پەندنامەئى خۇدايارخان» قاتارلىق تارىخىي داستانلارنى يۇقىرى ماهارەت بىلەن يېزىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ بىزگە مىراس قالدۇرغان.

## مۇسەددەس شەۋقى

كۆڭۈل، مېنىڭ بىلە بول، بىر نەفەس نەۋا ئەيلەي،
ئۆزۈمنى ئىشقۇ مۇهەببەتكە ئاشنا ئەيلەي،
يۈرەك جەراهەتىغە ئىشقدىن دەۋا ئەيلەي،
مەدىنە ـ مەككە ئۈچۈن نەقدى جان بەها ئەيلەي،
بۇ يول مۇهەببەتىدە ئاهى رەببەنا ئەيلەي،
رەفىقۇ هەمدەم ئىلە مۇنىسىم خۇدا ئەيلەي.

فەسادۇ فىسقى يامان بولدى خەلق ئەرا مەشهۇر،
هەۋايى نەفس ئىلە بولدى جەهان ئەلى مەغرۇر،

www.uyghurkitap.com

مەدىنە ـ مەككەدىن ئۆزگە يوق ئۇلدى جايى تەھۇر،
ئۇشۇل مەكانغە بارىپ تۇرماق ئۇلدى ئەمدى زورۇر،
بۇ يول مۇھەببەتىدە ئاھى رەببەنا ئەيلەي،
رەفىقۇ ھەمدەم ئىلە مۇنىسىم خۇدا ئەيلەي.

چىكىپ مۇشەققەتى يول، باغلاسەم بارىپ ئىھرام،
كى تا يەتۇشمەغۇچە يولدە تاپماسەم ئارام،
ئۆزۈمغە تەۋبە نەدامەتنى ئەيلەسەم ئىلزام،
فىغانۇ نالە قىلاي تەندە جان ئىسە مادام،
بۇ يول مۇھەببەتىدە ئاھى رەببەنا ئەيلەي،
رەفىقۇ مۇنىس ئىلە ھەمدەمىم خۇدا ئەيلەي.

ئەرەفات مىنادىن سوڭ، تەۋاقى خانە قىلاي،
باشىمنى يەرگە قويۇپ فەرشى ئاستانە قىلاي،
سەدايۇ سەيھە چېكىپ، ئاھى ئاشقانە قىلاي،
نۇزۇرۇ ھەديە ئۇچۇن ئەشكى دانە ـ دانە قىلاي،
بۇ يول مۇھەببەتىدە ئاھى رەببەنا ئەيلەي،
رەفىقۇ مۇنىس ئىلە ھەمدەمىم خۇدا ئەيلەي.

خۇدا يەتۇرسە بارىپ كەئبەغە يۈزىمنى سۈرەي،
چېكىپ مۇشەققەتىنى بار ھۇزۇرىن ئاندە كۆرەي،
سەفاۋۇ مەرۋى ئەراسىدە سەئيى ئىلە يۈگۈرەي،
قىيامەت ئۇلسا بارىپ، ھاجىلەر سەفىدە تۇرەي،
بۇ يول مۇھەببەتىدە ئاھى رەببەنا ئەيلەي ،
رەفىقۇ مۇنىس ئىلە ھەمدەمىم خۇدا ئەيلەي.

ئۆتۈپ مەدىنەگە بارسام، چېكىپ دەما دەم ئاھ،
كۆزۈم ياشىنى جىگەر قانىغە قىلىپ ھەمراھ،

دېسەم مېنىڭچە كىشى بارمۇ مۇندە نامە سىياھ،
بۇ ئاسى ئۇممەتىڭىز كەلدى، يا رەسۇلىللاھ،
بۇ يول مۇھەببەتىدە ئاھى رەببەنا ئەيلەي،
رەفىقۇ مۇنىس ئىلە ھەمدەمىم خۇدا ئەيلەي.

تىرىكلىكىم ماڭا نىئمەت بىلىپ بولاي شاكىر،
تىلىم بىلەن بولايىن ھەمدى پاكىڭە زاكىر،
قولۇڭدە يوق سېنى، ئەي شەۋقى، بىر ئەمەل زاھىر،
ئۇمىد ئوشۇلكى خۇدا قىلسە ھەرەمەين تاھىر،
بۇ يول مۇھەببەتىدە ئاھى رەببەنا ئەيلەي،
رەفىقۇ مۇنىس ئىلە ھەمدەمىم خۇدا ئەيلەي.

(«بەياز» 117 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com

# شەۋكەت

سىراجىدىن مەخدۇم مىرزاھىد ئوغلى شەۋكەت مىلادىيە 1884 - يىلى تاشكەنت شەھىرى بوستانلىق رايونى خاندەيلىقى قىشلىقىدا تۇغۇلۇپ، 1934 - يىلى 50 يېشىدا تاشكەنت بوستانلىق رايون پەرۋىز تۆپە قىشلىقىدا ۋاپات بولغان. شەۋكەت بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا ئىلىم ئۆگىنىشكە زور ئىشتىياق باغلىغان، تاشكەنتتىكى «بېكلەر بېگى» ۋە «كۆكەلداش» مەدرىسلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ شەۋكەت تەخەللۇسىدىن باشقا يەنە سىدقى خاندەيلىقى ۋە شىۋەن (نالە، زار، پىغان، مۇڭ) تەخەللۇسلىرىدا ئىجاد ئەتكەن. ئۇ تالانتلىق شائىر ۋە ھۆسنخەت ماھىرى، شۇنداقلا يېتىشكەن كاتىپ ۋە ئۇستا تەرجىمان.

شەۋكەت 1912 - يىلى ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مەشھۇر كلاسسىك ئەسەر «مىڭ بىر كېچە» نى ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 1914 - يىلى «شەۋكەتنىڭ سوۋغىسى» نى نەشر قىلىپ تارقاتقان (تاش باسما) شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان»، نەۋائىنىڭ «بەدايىئۇل - ۋەسەت» شەرەفىددىن بۇخارىنىڭ «چەھار كىتاب» ئەسىرىنى كۆچۈرگەن. «ئەرمۇغانى خىسلەت»، «بەيازى ھەزىنى»، «بەياز» قاتارلىق كىتابلارنىمۇ شەۋكەت كۆچۈرگەن، 1917 - يىلى «تازا ھۆرىيەت»، «روسىيە ئىنقىلابى» توپلاملىرىنى كىتاب قىلىپ نەشر قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا شەۋكەتنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىجادىي تەرجىمە ۋە كۆچۈرگەن ئەسەرلىرى ۋە ئەينى دەۋردىكى «بەياز» لارغا كىرگۈزۈلگەن

ئەسەرلىرى بار، بۇلار كەڭ خەلق ئاممىسى قولىدا ۋە ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فونددا ھەمدە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرىدا ساقلانماقتا.

## تەرانەئى دۇگاھ ئەزشەۋكەت ئىسكەندىرى

بىر كېچە كېلىپ تەنها، كۇلبەمنى چەراغان قىل،
خانى ۋەسلىڭە مەندەك بىنەۋانى مىھمان قىل.
ناز ئىلە خىرام ئەيلەپ، گۇلشەن ئىچرە تا، جانا،
يازىبان قارا كاكۇل سەھنىن ئەنبەرىستان قىل.
گۇل يۈزۈڭگە زىيبالىق ئەيلەر مۇشك دەئۋاسىن،
كۆرسەتىپ يۈزۈڭ، ئانى رەشك ئوتىغە سوزان قىل.
فۇرقەتىڭ ئەرا بولدى زەئفىدىن تېنىم بىمار،
مەرھەمەت بىلە، ئەي شوخ، ئۇشبۇ دەردە دەرمان قىل.
ھەسرەتىڭدە ۋەسلىڭنى بىلمەسە كىشى قەدرىن،
ئەي سەنەم، بۇ ناداننى مۇبتەلائى ھىجران قىل.
زۇھد ئىلى كۆرۈپ، ھالىم ئەيلەمىش مەلامەتلەر،
كۆرسەتىپ يۈزۈڭ، مەندەك كۆيۈك ئىچرە سوزان قىل.
ھالىنى بۇ شەۋكەتنىڭ سورغۇدەك كىشى يوقتۇر،
غۇربەت ئىچرە سەن ئەمدى لۇتف بىرلە ئېھسان قىل.

* *

گۇل يۈزۈڭ كۆرەلمەسدىن ھەر دەم ئەيلەپ ئەفغانلار،
ياش ئورنىغە تۆكتى بۇ كۆزلەرىم قارا قانلار.
نېگە مەنگە باقماسسەن، رەھم ئىلە قىلىپ شەفقەت،
كىم چېكىپ غەمىڭ ھەردەم، رەڭگىم ئولدى سامانلار.
سەڭا بولغايمۇ مەنزۇر مەن كەبى كەمىن قۇللار،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

ياتسەلەر يولىڭ ئۈزرە، چاڭ ئېتىپ گىرىبانلار.
لۈتۇق ئېتىپ چەمەن ئىچرە ناز ئىلە خىرامان بول،
كىم يولۇڭغە نەرگىسدىن تۈتتى چەشمى ھەيرانلار.
قامەتىڭ نەمايان ئەت، سەرۋى تا كۆرۈپ قەددىڭ
قىلغانىغە دەئۋالار بولسۇن ئول پۈشەيمانلار.
تاكى كاكۇلىڭ يايدىڭ، تىيرە ئۇلدى رۆزگارىم،
بۇ كۆڭۈل يەنە بولدى ھەر سارى پەرىشانلار.
كۈلبەسىغە شەۋكەتىنىڭ گەر كېلۈر ئىسەڭ تەنھا،
زەررە كۆڭلىدە قالماس ھەسرەت ئىلە ئەرمانلار.

* *

ئەيلە خەستە كۆڭۈلنى ئىككى ياغە قۇربانلار،
تا بۇ ئىككىسى بولسۇن تەن ئۆيىدە مىھمانلار.
گۈلشەن ئىچرە لەئلىڭدىن دۈر ساچىپ، تەكەللۇم قىل،
رەشك ئوتىدە بولسۇنلار غۇنچەلەر باغىر قانلار.
كاكۇلىڭنى سەۋداسى تاكى باش ئۈزە تۈشتى،
مىھرى چىقتى كۆڭۈلدىن سۈنبۈل ئىلە رەيھانلار.
ئەي سېنى ئىكى كۆزلەرىڭ خوتەن دەشتى
ئىچرە ئەيلەدى ئاھۇ بارەسىنى سەرسانلار.
خەتلەرىڭنى شەرھىنى ئەيلەمەكدە تەھرىرىن،
ئۇلدى گۈلكىم ئول دەمدە بىردىن ئەنبەر ئەفغانلار.
سېنى ۋەسفى ھۆسنۈڭنى ئۆلمەسەم ئەگەر ئەيلەي،
يازىبان جىگەر قانى بىرلە تۈرفە دىۋانلار.
شەۋكەتىڭنى ۋەسلىڭنىڭ خانىغە قىلىپ مىھمان،
بىر كېچە ئاڭا قىلغىل لۈتۇق بىرلە ئېھسانلار.

## تەرانەئى بەيات ئەزشەۋكەت ئىسكەندەرى

غۇنچە لەئلىڭدىن قاشىڭدىن تىغى بۇرراندۇر خىجىل،
قامەتىڭدىن باغ ئەرا سەرۋى خىياباندۇر خىجىل.

لالەدەك يەشناپ ئۆتۈرساڭ بەزم ئېتەردە كېچەسى،
يۈزلەرىڭدىن، ئەي پەرى، شەمئى شەبىستاندۇر خىجىل.
ئاھ ئۇرۇپ كۆڭلۈم كۆزۈم قان يىغلاغاندە سەنسىزىن،
رەشكدىن ياقۇتى ئەھمەر بىرلە مەرجاندۇر خىجىل.
مۇشك يەڭلىغ خەتلەرىڭ ئول كۈن كۆرۈبان باغ ئارا،
سەيرى گۇلزار ئەيلەگەن چاغىڭدە رەيھاندۇر خىجىل.
خۇش ئەدا شىرىنلىقالىك كىشۋەرىن تەنھاسى سەن،
بۇ نەزاكەت بىرلە سەندىن جۇملە جانانـدۇر خىجىل.
ئولماغاي نېچۈن يۈزىڭدىن بارچە گۇلرۇخ شەرمسار،
كىم فەلەك ئەۋجىدە، جانا، مىھرى رەفئاندۇر خىجىل.
نامى پاكىڭنى ھۇرۇفىن تىزدى سۇلكى نەزم ئەرا،
شول سەبەب شەۋكەت سۆزىدىن دۇررى غەلتاندۇر خىجىل.

## سەۋتى دۇگاھ ھۇسەينى ئەزشەۋكەت

ماڭا قىل ئول نىگارى بىۋەفانى ئاشنا، يا رەب،
ئېرۇر ھەر دائىما كۆڭۈلدە ئۇشبۇ مۇددە ئا يارەب.
مېنى ھەجرىغە تاشلاپ، سورماسا ھالىم، ئەگەر ئۆلسەم،
ئانى بوينىغە تۇشگەي بۇ سەبەبدىن خۇنبەھا، يا رەب.
ئەگەر ھەر يەردە كۆرسەم نەقشى پايىنى غۇبارىنى،
چېكەرمەن چەشمى مۇشتاقىمغە ھەمچۇن تۇتىيا، يا رەب.
ئەگەر كۇلبەمغە لۇتف ئەيلەپ مېنى يوقلەپ كېلۇر بولسا،
قىلۇرمەن مەقدەمىنىڭ مۇزدىغە جانىم فىدا، يا رەب.
ئەمان ئەيلەپ نە يېردە بولسە ئول مەھبۇبلار شاھى،
پەناھىڭ سايەسىدە ساقلا يەتكۇرمەي بەلا، يا رەب.
سەمەندى نازغە چىقسە، مىنىپ تاكى قىلىپ جەۋلان.
غۇبارى راھىدەك جىسمىم قىلۇرمۇ زىرى پا، يا رەب.
نېھ دەپ رەشك ئوتىغە ئۆرتەنمەسۇن سوزان ئولۇپ شەۋكەت،
چۇ بولسا مەھۋەشىنىڭ غەير ئىلە ئەيشى بەجا، يا رەب.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

## مۇۋەششەھى شەۋكەت

غازە تا چىكىپ يۈزغە ئەيلەدىڭ مېنى شەيدا،
تۇشمەسۇنمۇ ئەل ئىچرە سەد فىغانۇ ۋاۋەيلا.
لەھزە قاشىمە كەلمەي ئۆرتەدىڭ مېنى ۋەھكىم،
نې بولۇركى رەھم ئەتسەڭ، لۇتف ئىلە باقىپ گاھا.
ئەيلەدىڭ كۆڭۈل مۇرغىن بىر باقىش بىلەن بىسمىل،
ئانى زىيبى فىتراك ئەت ئالىب، ئەي كۆزى شەھلا.
مەن تىلەپ ۋىسالىڭنى، نالە چەكتىم ئانداغكىم،
ئاڭلادى ھەمە ئادەم لىك سەندە يوق پەرۋا.
خامە ۋەسفىڭ ئىنشاسىن تا يازاردە كاغەزغە،
مەندىن ئەۋۋەل ئول يىغلاپ، سالدى باشىمە سەۋدا.
ئەۋۋەلا ئەسىر ئەيلەپ، داغى ئىشقىڭە نىچۈن،
تاشلاپ ئاخىرى كېتتىڭ يىغلاتىپ مېنى تەنھا.
نەزمى شەۋكەت ئارايىش تاپتى نامى پاكىڭدەن،
ۋەسفىڭ ئەيلەپ ئول ئەي گۈل، بولدى ئەندەلىب ئاسا.
(«بەيازى ھەزىنى» 125 ـ بەت)

## مۇۋەششەھى شەۋكەت

ئېتىپ سەيرى چەمەن فەسلى بەھاران ئوينامايسىزمۇ،
قەدەمىڭىزدىن ئەيلەپ گۈلنى خەندان ئوينامايسىزمۇ.
رەمۇزۇ نازۇ دىلبەرلىقنى ھەر دەم ئاشكار ئەيلەپ،
قەدەم بىر ـ بىر باسىپ ھەر يان خىرامان ئوينامايسىزمۇ.
تۇتار گۈلشەن يولىڭىزغە ھەزاران چەشمى نەرگىسىدىن،
بارىپ تا غۇنچەلەر باغرىن قىلىپ قان ئوينامايسىزمۇ.
ۋەفا رەسمىن تۇتۇپ مەن بىنەۋانى كۆڭلىنى ئاۋلاپ،

بولۇپ بىر كېچەسى كۈلبەمغە مېھمان ئويناماىسىزمۇ.
قەرا كاكۈلنى تاشلاپ، غازەدىن يۈزغە چېكىپ زىنەت،
قىلىپ سۈنبۈل بىلە نەستەرنى يەكسان ئويناماىسىزمۇ.
جەمالىڭىزنى شەمئىدىن بېرىپ كۈلبەمغە رەۋشەنلىق،
كى يەئنى ئەيلەبان رەشكى گۈلىستان ئويناماىسىزمۇ.
ئىشارەت ئەيلەبان قاس ياسى مۈژگانىدىن ئوق ئاتىپ،
جەراھەتلىغ دىلىم چاك ئەيلەپ ئەي جان، ئويناماىسىزمۇ.
نىگارا، ناز تىغى بىرلە شەۋكەت باشىنى ئالىپ،
ئاتىپ چۇن گوي، مەيدان ئىچرە جەۋگان ئويناماىسىزمۇ.
(«بەيازى ھەزىنى» 184 ـ بەت)

## مۇرەببەئى شەۋكەت

بۇرقەئ ئاچىپ يۈزنى تابان ئەيلەدىڭ،
ھىرسۇ خىرام ئەيلەپ جەۋلان ئەيلەدىڭ،
نەرگىس كەبى كۆزۈم ھەيران ئەيلەدىڭ،
سالماي نەزەر تۇرفە نالان ئەيلەدىڭ.

كۈلبەمغە قويمەدىڭ ئەسلا قەدەملەر،
ئاشۇردىڭ ئۆزگەدىن مەڭا ستەملەر،
ۋا دەرىغا، ئەلگە ئەيلەپ كەرەملەر،
رەشك ئوتىغە باغرىم سوزان ئەيلەدىڭ.

تا ئالدىمدىن كېتىپ يەنە كەلمەدىڭ،
ھىجرانىڭدە نېلەر چەكتىم بىلمەدىڭ،
قىلغان پەيمانىڭگە ۋەفا قىلمادىڭ،
دىيدە گىرىيان، سىينە بەريان ئەيلەدىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تاكىم كەتمەقلىققە تاپتىڭ بەھانە،
كۆزلەرىمدىن ياشلار ئۆلدى رەۋانە،
تاشلاپ كەتتىڭ مېنى ئەيلەپ ھەيرانە،
مەكانىمنى بەيتۇل ـ ئەھزان ئەيلەدىڭ.

رەھم ئەيلەگىل، كۆپ ئاققۇزماي كۆز ياشىم،
كىم قالمادى ھىجرانىڭغە بەرداشىم،
گۈل يۈزىڭسىز ئەفغان ئېرۇر يولداشىم،
ئۆزنى مۇنچە نامېھرىبان ئەيلەدىڭ.

ۋەسلىڭ بىلەن ئېردى، جانا ھەياتىم،
فىراقىڭدە كەتتى سەبرۇ سەباتىم،
ئەمدى سەنسىز ياخشىراقدۇر مەماتىم،
تاشلاپ كېتىپ، جىسمىم بىجان ئەيلەدىڭ.

شەۋكەتدىن ئالمادىڭ ئەسلا خەبەرلەر،
ئىشىتمەدىڭ نالەسىنى سەھەرلەر،
يىغلاپ ئېردى يادىڭ بىلەن جىگەرلەر،
گەنجى غەمدىن دىيدە گىريان ئەيلەدىڭ.

(«بەيازى ھەزىنى» 108 ـ بەت)

## مۇرەببەئى شەۋكەت

قەتئى نەزەر قىلدىڭ، جانا، نې بولدى،
كېلۇر ئېردىڭ سوراپ گاھا: نې بولدى،
مەھزۇنىڭە باقماي ئەسلا، نې بولدى،
بىر دېمەدىڭ ھالىڭ ماڭا نې بولدى؟

گۈل يۈزىڭسىز ئىشىم دائىم پىغانلار،
لەئلىڭ خەيالىدە دىل بولدى قانلار،
دىلدە قالدى كۆرمەي يۈزىڭ ئەرمانلار،
ھاسىل قىلساڭ بىر مۇددەئا، نې بولدى؟

ئەي لەتافەت گۈلزارىنىڭ گۈلنارى،
ۋەي مەھلىقلارنىڭ كۆزى خۇمارى،
ھېچ سورمادىڭ ئەھۋالىمنى بىر بارى،
ئەي سۇلتانى مۇلكى ۋەفا، نې بولدى؟

بىر كۇلۇپ باقىشدە دىۋانە قىلدىڭ،
يۈزىڭە نەرگىسىدەك ھەيرانە قىلدىڭ،
ئاخىر مېنى ياتۇ بىگانە قىلدىڭ،
شۇنداقمىدى ئەھدۇ ۋەفا، نې بولدى؟

ئاشۇفتە ھال ئولدۇم كۆرمەي جەمالىڭ،
خەيالىمدىن نارى كېتمەس خەيالىڭ،
ئەسلا ئىشىتمەدىم شىرىن مەقالىڭ،
ياندىشمادىڭ قىلىپ پەرۋا، نې بولدى؟

چەكسەم ناگاھ كۆككە يېتەر پىغانىم،
ھەجرىڭ تارتىپ قالدى رەمەقدە جانىم،
ئايتاي دېسەم ساڭا سىررى نىھانىم،
دۇچ كەلمەدىڭ ماڭا تەنھا، نې بولدى؟

ئەي شەۋكەتنى كۆزىن ئاقۇ قەراسى،
بىدەۋا دەردىنى سەنسەن دەۋاسى،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەيا نازۇك ئەدالارنى سەراسى،
بىمارنىڭ باقساڭ قىيا، نې بولدى؟
(«بەيازى ھەزنى» 169 – بەت)

## مۇخەممەسلەر

### سەۋتى دۇگاھ مۇخەممەسى شەۋكەت بەرغەزەلى مۇقىمى

بۇرقەئىنىڭ ئالىپ يۈزدىن، ئاي كەبى دەرەخشان قىل،
ئەل كۆزىنى ھۇسنۇڭغە ئۇيلە نەركىسىستان قىل،
قەد چېكىپ خىرام ئەيلەپ سەرۋىلەرنى يەكسان قىل،
سۇبھىدەم كىرىپ، جانا، باغ ئىچىدە جەۋلان قىل،
دامەنىڭ نەسىمىدىن غۇنچەلەرنى خەندان قىل.

ھەجر ئوتى ئارا تاشلاپ، ياقماغىل قۇرۇق تەننى،
ئاي يۈزىڭ ماڭا بەسدۇر، نەيلەي ئۆزگە رەۋشەننى،
تاپمادىم جەھان ئىچرە سەندىن ئۆزگە ئەھسەننى،
دىلرەبا، يازىپ گېيسۇ، ھەر تەرەفقە گۇلشەننى
ناز ئىلە خىرام ئەيلەپ، سەھنىن ئەنبەرىستان قىل.

تا تەنىمدە جان باردۇر ئەيلەيىن دۇئاسىنى،
گەرچە سورماس ئول شاھىم مەن كەبى گەداسىنى،
قىلماس ئېرسە گەر ئىشقىم دەردىنىڭ دەۋاسىنى،
يار كويىدىن كەلسە سىلاپ ئىت ئىگەسىنى،
ئەي كۆڭۈل، يۈرەك باغرىڭ تاشلاپ ئانى مېھمان قىل.

كىمسە كۆرمەدى سەندەك خۇبلارنى زىيباسىن،
ئىشق ئىبلى تىلەر سەندىن دىلدەگى تەمەنناسىن،

بولغانىڭدە سەن نەيلەي بۇ جەھاننى رەئناسىن،
قىلدى سەرۋ نازۇكلىك قامەتىڭغە دەئۋاسىن،
ئەي سەنەم، قىلىپ جىلۋە، كۇفرىنى مۇسۇلمان قىل.

سەن كەرەملى بىر شاھسەن بۇ گەدالارە مەندەك،
ئىستەبان سىنى يۇرگەن مۇفتەلالارە مەندەك،
ئۇچرەگەن تىلەپ ۋەسلىڭ مىڭ بەلالارە مەندەك،
خۇبلار ئەمىرىسەن بىنەۋالارە مەندەك،
مەرھەمەت مەھەلىدۇر لۇتف بىرلە ئىھسان قىل.

تاپمادىم دەمى ۋەسلىڭ، ئىستەبان مەنى مەھزۇن،
سەن كەبى جەھان ئىچرە بارمىكىن قەدى مەۋزۇن،
مۇددەتى ئىرۇر، جانا، ھەسرەتىڭدە مەن دىلخۇن،
ئافتاب ئەگەر خىجلەت ئەبرغە دىسەڭ تاپسۇن،
پەردەنى كۆتەر يۇزدىن ئارەزىڭ نەمايان قىل.

بەخت ئولۇپ مىنى يارىم كۆرمەدىم دەمى دىدار،
مەن يىراقۇ ۋەسلىڭدە دائىما ئىرۇر ئەغيار،
قىلدى شەۋكەت ئەرزىنىڭ ئەھدى ئەيلەبان ئىزھار،
نەچچە مۇددەت ئولدىكىم، ھەجرىغە مۇقىم بىمار،
ئەي نەفەسى مەسىھ ئاسا بۇ دەردلەرغە دەرمان قىل.

(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 28 ـ بەت)

## مۇخەممەسى شەۋكەت بەرغەزەلى يۇسۇف

تاكى ھۇسنۇڭ گۇلشەنىغە بولدى زىۋەر كاكۇلىڭ،
ئالەم ئىچرە شورۇ غەۋغا سالدى يەكسەر كاكۇلىڭ،
بولدى ئالەم مۇشك بۇي، يايدىڭ مۇقەررەر كاكۇلىڭ،

كېچە تەبرەندى سەبادىن، ئەي سىمەنبەر كاكۇلىڭ،
گۈل يۈزىڭ ئەترافىدە چۈن سۈنبۈلى تەر كاكۇلىڭ.

ئۆيلەكىم ئايىنە باردۇر ھۆسنۈڭگە ھەيرانلارىڭ،
ئەي كامان ئەبرۇ، نىچۈك مەن بولمايىن قۇربانلارىڭ،
ئەيش ئىشىڭدۇر سىنىڭ، دەۋران سىنىڭ دەۋرانلارىڭ،
بىر تەرەف تاراجى دىلغە سەف چېكىپ مىژگانلارىڭ،
بىر تەرەفدىن دەستە ـ دەستە چەكتى لەشكەر كاكۇلىڭ.

مېھرى رۇخسارىڭدىن ئالغىل پەردە، بولسۇن ئاشكار،
ئىشق ئېلى بارىنى قىلغىل زەررە يەڭلىغ بىقەرار،
دەۋلەتى ھۆسنۈڭ كەمال ئەۋجىدە بولسۇن پايەدار.
تۆررەدىن مەرغۇلە ئاچقىل نافەدىن مۈشكى تەتار،
تاكى قىلسۇن جان دىماغىنى مۇئەتتەر كاكۇلىڭ.

قەددى شەۋكەت بولدى خەم، جانا، قاشىڭنى ياسىدىن،
بىر سېنى دەپ كەچتى ئاخىر مەنزىلۇ مەئۋاسىدىن،
نەچچەلەر بىمارى ئىشقىڭدۇر كۆزىڭ شەھلاسىدىن،
ئەلگە يۈز شورۇ جۇنۇن خالۇ خەتىڭ سەۋداسىدىن،
يۈسۈفى بىچارەنى قىلدى قەلەندەر كاكۇلىڭ.

(«بەيازى ھەزىنى» 70 ـ بەت)

## مۇخەممەسى شەۋكەت بەرغەزەلى خىسلەت تاشكەندى

ئىشقىڭدە مەندەك كىم ناتەۋاندۇر،
رەڭگىم غەمىڭدىن چۈن زەئفەراندۇر،



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

فىكرىدە لەئىلىك دىل تولا قاندۇر،
ھەجرىڭدە ئەي يار، كارىم فىغاندۇر،
تىنماي كۆزۈمدىن ئەشكىم رەۋاندۇر.

قىلغىل نەزارە جانا ماڭا ھەم،
كىم يەڭدى ئاخىر يالغۇز تاپىپ غەم،
تاكى قىلۇرسەن ئاھۇ كەبى رەم،
تارتىپ جۇدالىغ دەردىن دەما دەم،
ھالىم خەرابدۇر رەڭگىم سەماندۇر.

جانا، ئۆزىڭسەن شەفقەتلى يارىم،
تارتىپ غەمىڭنى كەتتى مەدارىم،
دائىم قاراڭغۇ سەنسىز نەھارىم،
ئەيلە تەرەھھۇم مەڭا، نىگارىم،
ئەھۋالى زارىم سەڭا ئەياندۇر.

بولغىل نەيەردە بولساڭ سەلامەت،
ئۆمرىڭنى قىلسۇن تەڭرىم دەۋامەت،
سەن مەندىن ئەتىلىك تا قەتئى ئۇلفەت،
ئول لالە يەڭلىغ باغرىمدە قەت ـ قەت،
باز ئۈستىنە باز داغلار نىھاندۇر.

دەرد ئىلە كۇلفەت كۆپدۇر دىلىمدە،
ھەم سوزى فۇرقەت كۆپدۇر دىلىمدە،
سەنسىز مۇشەققەت كۆپدۇر دىلىمدە،
ئەرمانۇ ھەسرەت كۆپدۇر دىلىمدە،
دېسەم تۈگەنمەس گوياكى كاندۇر.

بەزمىغە بارىپ، جانا، رەقىبىم،
زەھرابى غەمنىڭ قىلدىڭ نەسىبىم،
گاھى مەنىڭ ھەم بولغىل قەرىبىم،
سەنسەن ھەبىبىم، ھازىق تەبىبىم،
دەردىمغە بىشەك بول بىگۇماندۇر.

مەن سارى باقماي كىبرۇ ھەۋادىن،
دۇشمەنلەرىمنىڭ بەردىڭ مۇرادىن،
قىلساڭ نە بولغاي مەن خەستە يادىن،
شاھا غۇلامىڭ فەريادۇ دادىن،
سورمايسەن ئەسلا قانداغ زەماندۇر.

ھەجرىڭدە قالىپ يەتمەي ۋىسالە،
دائىم ئىشىمدۇر فەريادۇ نالە،
تۇشتۇم غەمىڭدىن رەنجۇ مەلالە،
ئەي جانى جانىم، قىلدىم ھەۋالە،
تەڭرىغە بول كۆن ھەر كىم يەماندۇر.

فۇرقەت ئوتىغە ئۆرتەندى شەۋكەت،
غەرق ئەتتى جىسمىم توفانى ھەسرەت،
قىل ئاڭا شەفقەت، فۇرسەت غەنىمەت،
گۇلدەك يۈزىڭنى ئىشقىدە خىسلەت،
بۇلبۇلغە ئوخشاش كارى فىغاندۇر.

(«بەيازى ھەزىنى» 155 ـ بەت)

## مۇخەممەسى ئەھەققى كۇتتاب سىراجىدىن مەخدۇم بەرغەزەلى مۇقىمى

بار مىھنەت ئاستىدە بىر تۇرفە نالان كۇسەمەن،
ھەم فەقىرۇ ناتەۋان بىبەرگى سامان كۇسەمەن،
دەر بەدەر دائىم كىزىپ مۇھتاجى بىر نان كۇسەمەن،
ئاھ، ساقال قەدرى ئۆتۇپ، كۆڭۇلدە ئەرمان كۇسەمەن،
ھەفتەدە ئايىنەگە باقغاندە ھەيران كۇسەمەن.

يىغلاماي نېتسۇنكى ئۇل ئادەمدە بىر تۇك بولماسە،
بولغۇسى مەشھۇر ئافاق ئاندە بىر تۇك بولماسە،
مەجلىسۇ مەھفىل ئەرا شەرمەندە بىر تۇك بولماسە،
بارچەدە بولسە ساقالۇ مەندە بىر تۇك بولماسە،
يىغلەبان ئۇشبۇ ئەلەمدەن گاھى خەندان كۇسەمەن.

تاكى كەلتۇردى بۇ ئالەمگە خۇداۋەندى كەرىم،
دەۋرى زەھھاك ئۆتكەرىپمەنكىم بولۇپ ئاڭا بەزىم،
سەددى ئىسكەندەردە لاي ئورنىغە مىس قۇيگەن ئۆزىم،
يىل سۇرۇشتۇرمە، بىلەلمەيمەن ئۆزىم ھەم شۇنچە كىم،
كاتتە - كاتتە مۇيسەفىدلەرغە پەدەرخان كۇسەمەن.

شەتتە بىرگەيلەر مەڭا ھەر يەردە بولسام ئەھلى دۇن،
بۇ سەبەبدىن ئاھكىم ھالىم پەرىشانۇ زەبۇن،
داغى سىزلەر ھەم مەزاخ ئەيلەپ مەڭا كۇلمەك بۇ كۈن،
ياش گۇمان ئەتمەك كۆرۈپ ئەفتىم سەقالىم يوق ئۇچۇن،
مەللەخاندىن قالغان ئەسكى قەدرى تولان كۇسەمەن.

قىسمەتىم رۇزى ئەزەلدە زورلىقدىن كەلدى دۇر،
قۇۋۋەتىم يوق پەششەچە ئەلبەتدە مەندىن پەششە زۇر
تابۇ تاقەت مەندە يوقدۇر تا ئاڭا قىلسام غۇرۇر،
ياش گۆدەك بىرلە كۇرەش چۇشسەم چىلەكدەك ئاشۇرۇر،
سۇرەتىم كۆرسەڭ ئەگەر ئۆلگۇنچە پەلۋان كوسەمەن.

كۆرمەدى ئەئجۇبە مەندەك تا بۇ دەم چەشمى جەھان،
دائىما فەرسۇدە ئۇ فەرتۇتلىغىنى بىلمەگەن،
ياشىم ئاج ئىبنى ئۇنۇقدىن كاتتەۋۇ ئەفتىم جەۋان،
بولمە ئەۋۋارە بىلەلمەيسەن سۇرۇشتۇرگەن بىلەن،
بىر چىگىلمەنكىم يەشىلمەسمەنكى چىتان كۇسەمەن.

تاكى فەرشى سەبزە ئالەم ئەرسەسىغە يايىلۇر،
تەبئى ناشادىم سەياھەت قىلماقە ئەزىم بولۇر،
بىر شەھەردە تۇرماغايمەن بىر باشىمدە مىڭ ئۇزۇر.
ھەر شەھەردە كۆپ ئەگەر يۇرسەم بىر ئاي يۇرگۇم كىلۇر،
نەيلەيىن سەۋدايى ئەھۋالى پەرىشان كۇسەمەن.

ئەقرابا خىيشۇ تەبارىمدىن سورارگە يوق كىشىم،
بۇ جىھەتدە ئاھۇ ئەفغان ئولدى دائىم ۋەرزىشىم،
فەقرۇ فاقە شىددەتىدىن ئۆزگەچەدۇر نالەشىم،
نىچەلىك بولدى فەلەك بىدادىدىن ئاخىر ئىشىم،
يوقسە بىر ۋەقتىدە سۇرگەن دەۋرۇ دەۋران كۇسەمەن.

مەن ئۆزۇم لوكۇ لوچۇ بىر تۇرفە ھەيرانۇ گەرەڭ،
ھەمنىشىنىم دائىما ھەر يەردە تەنبۇر ئىلە چەڭ،
ئىككى بىتىم ئانچۇنان دەفكىم تىرىشگەنۇ تەرەڭ،

جۇغلارىم شەيدانىنى دەستىدەك گىيەھ يوق لەفىلەك،
ئېگەكىمدىن بەرئەلا مەھرۇم نەمايان كۆسەمەن.

قىلمادى دەھر ئىلىدىن يا نەسارا قەۋمىدىن،
يا رەۋافىز ياكى ھىندىيۇ مەجۇسا قەۋمىدىن،
ياكى ئەھلى ئەھرەمەندىن يەئنى گۇمراھ قەۋمىدىن،
نەيلەر ئىردىم قىلسە تەرسايۇ يەھۇدا قەۋمىدىن،
شۇكرىكىم فەرغانە خەلقىدىن مۇسۇلمان كۆسەمەن.

سەن ئىشىت نى نى ھىكايەت قىلغۇسى، ئەي ئەھلى ھال،
كىم جۇدالىقدىن شىكايەت ئەيلەبان قىلغاي مەقال،
ئۇشبۇ بائىسدىن ئاندە نى ئىرۇر مەن ماھۇ سال،
جويىبار گۇلشەن فىيازىدەن تاپگەن كەمال،
بۇلبۇلى شورىدە ئەھۋالى پەرىشان كۆسەمەن.

ئۆتكەرۇرمەن كۆلفەتى دەھر ئىلە مالۇ سالىمى،
ئۆز ئۆزۈمدەن ئەيلەبان ھەر يەردە قىلۇ قالىمى،
ئەي بەرادەر تا كۆرۈپ بۇ كۆزدە ئەشكى ئالىمى،
سورمە مەزمۇنىمنى قىل ئىدىن قىياس ئەھۋالىمى،
يازۇ قىش بىر يەردە مۇنداغ ساھىب ئەفغان كۆسەمەن.

تاكى خۇرشىد ئالەمە يايغۇسى نۇر ئاقۇ سارىغ،
كامىرانلىغ ئۆزرە سىزگە يەتمەسۇن رەنجى قاتىغ،
بەزل ئەتمەكلىكدە ھاتەمغە قىلىپ ھەمپىشەلىغ،
بىر فەقىردىن بىر فەقىرنى دوستلار تۇتماق دەرىغ،
مەن دۇئاگويى مۇقىمىمەن قەدىردان كۆسەمەن.

(«بەياز» 170 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com

*　　　*

ئەجەب ھىكمەت قاراڭلار، كەمبەغەلنى بار ئېتەر پاختە،
قىزىل تىللا بىلەن كۆپ ئاقچەدەن سەرشار ئېتەر پاختە،
كى قىشلاقۇ شەھەرلەر بارچەسىن بازار ئېتەر پاختە،
ئەگەر كۆپ ياخشى بولسە ئۆيلەرىڭ ئەنبار ئېتەر پاختە،
قەزارا ئېكمەگەننى تۇرفە بىر بىمار ئېتەر پاختە.

كۆرىڭ ھەم ئۇشبۇ يىل قەدر ئىلە قىيمەت تاپىپ كەتتى،
ھەمە دىھقان ئېلىنى قەرزىنى ئۆزىن ياپىپ كەتتى،
نېچە بىر ئېكمەگەن ئادەمنى باغرىن داغ ئېتىپ كەتتى،
كى گويا ئېكمەگەندەن بەخت ئىلە دەۋلەت قاچىپ كېتتى،
كىشىكىم ئېكمەسە ئانى زار - زار ئېتەر پاختە.

يەقولغان چاغىدە ھەق ئەمرى بىرلە ياغماسە يامغۇر،
ئاچىلغاي قالمايىن كۆسەك دېگەيسەن گويا كافور،
ۋەيا كۆرگەن دېگەيلەر ياغدىمۇ ئېركىن ھەۋادىن نۇر،
ھەمە دىھقان ئېلى ئانى كۆرۈپ ئويلاپ ئۆزىن مەسرۇر،
دېگەيلەر ھەر نە دېسەڭ ئۇشبۇ يىل تەييار ئېتەر پاختە.

بىلىڭ بىر نەچچە يىل بېچارەلەر بىبەرگۇ بەر بولدى،
ئاتا ئوغۇلغە باقماي بىر بىرىدىن پۇر ھەزەر بولدى،
ئېلىن بىتمەي خەلايىقلار ئەرا بىھەد زەرەر بولدى،
يولىن تاپمايكى بەئزى ئەل گوياكى كورۇكەر بولدى،
كىشىغە يەر يۈزىنى بولماسا گەر تار ئېتەر پاختە.

خۇدانى قۇدرەتى بىرلە نەچچە يىل پاختە كەم بولدى،
ھەمە دىھقان ئېلى ۋاۋەيلەتا دەپ پۇر ئەلەم بولدى،

يەنە سوٴدگەرلەر ئەهلى ئىچرە كۆپ جەۋرۇ ستەم بولدى،
غىزاسى بارچەسىنى كىچە ـ كوٴندوٴز دەردوٴ غەم بولدى،
قەزا موٴنداغ ئىسە ئەي دوستلار، نە كار ئىتەر پاختە.

ئوشوٴل يىللار ئەرا ئەل بولدى ئەنقا توٴخمىدەك مەئدوٴم،
هەمە ياشوٴ قارى ئوٴشبوٴ جىهەتدىن بولدىلەر مەغموٴم،
دىمەس ئىردى بارى هەم فىئىلىمىز بولدىموٴ ئىكىن شوٴم،
بەرادەرلەر ئەمەسموٴ بوٴ هىجابى غەيب ئارا مەكتوٴم،
كى هەق ئۆز ئەمرى بىرلە بارچەگە ئىسار ئىتەر پاختە.
(«بەياز» 174 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

# فەزلى

فەزلى نەمەنگانى ئەسلىي ئىسمى ئەبدۇلكەرىم بولۇپ، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئىجاد قىلغان تالانتلىق ئۆزبېك شائىرى ۋە يېتىشكەن ئەدەبىياتشۇناس، شۇنداقلا ئىقتىدارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتچى. فەزلى ئەمىر ئۇمەرخاننىڭ ئەڭ يېقىن بۇرادەرلىرىدىن بىرى. ئۇ ئەمىر ئۇمەرخان دەۋرى (1809 — 1822) دە، قوقاندىكى ساراي شائىرلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، ئەينى دەۋر ئەدەبىيات سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تىگىشلىك ھەسسە قوشقان. شۇ دەۋرلەردە فەزلىنىڭ «شاھنامە» ناملىق زور ھەجىملىك ئەسەر يازغانلىقى مەلۇماتلاردا قەيت قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ ئەسەر بىزگە ھازىرغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

فەزلى 1821 ـ يىلى بىرقانچە شائىرلار بىلەن بىرلىشىپ «مەجمۇئەئى شائىران» (شائىرلار توپلىمى) ناملىق چوڭ تىپتىكى تەزكىرە تۈزگەن، بۇ ئەسەرگە ئۇ ئۆزىنىڭ غەزەل ۋە قەسىدىلىرىنى كىرگۈزگەن. ئۇنىڭدىن باشقا فەزلىنىڭ ئۆزبېك ۋە پارس تىلىدا يازغان غەزەل، مۇخەممەس، رۇبائىي ۋە تۇيۇقلىرى ئەينى دەۋردە تۈزۈلگەن مەجمۇئە ۋە بەيازلاردا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

## غەزەل

گۇل يۈزىگدە زۇلفىگنى باغ ئەرا نەمايان قىل،
لالە بىرلە سۇنبۇلنى داغ ئېتىپ پەرىشان قىل.
لالەگۈن قەبا جەيبىن تۈگمەسىن ئاچىپ گەھى،
گۇل ياقىسىنى چاك ئەت لالە باغرىنى قان قىل.
دەۋلەتى ۋىسالىگنى شۇكرىن ئەتمەگەنلەرنى،
غەم ئوتىغە داغ ئەيلەپ، مۇبتەلايى ھىجران قىل.
ساقىيا، يۈزۈڭ ئەكسى قىلدى بادەنى گۇلگۈن،
لالەرەڭگى ساغەر تۇت بەزمىنى گۇلىستان قىل.
ئەي كۆڭۈل، خەرابىگە كەلسە ياشۇرۇن دەردى،
ۋاقىف ئولماسۇن مەردۇم كۆز ئۆيىندە مىھمان قىل.
ئاشىقى تەلەبكارىڭ مەردلەرنى شاھىدۇر،
بۇسەئى دەھانىگدىن نەزەر شاھى مەردان قىل.
فەزلىيا، ئەمىر سۇلتان دەرگەھىغە يول تاپساڭ،
كۆزلەرىڭگە تۈغراغىن سۇرمەئى سۇلەيمان قىل.
(«بەياز» 140 ـ بەت)

## مەسنەۋى

ئىبرۇر خىسلەت ئۇل كاشغەرى شائىرى،
كى تۈتىيۇ بۇلبۇلنى ئولدۇر بىرى.
مۇزايىنلەرىن بارچە تەھسىن ئىرۇر،
خەتادىن مۇئەررا بارى چىن ئىرۇر.
بولۇپ شىئىرى سۇلتانغە تەبئىيەتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

ئىتائەت ئېرۇر شاھقا نىيەتى.
كۆڭۈل رىشتەسىن كاشغەردىن ئۈزۈپ،
بۇ خوقەند ئەرا ئىستىقامەت تۈزۈپ.
بەرايا ئەمىرى فەلەك ئىقتىدار،
دۇئاگويلۇق ئەيلەدى ئىختىيار.
يەتىپ ئاندە چۈن سىتتە دارايى دەھر،
بولۇپ تەختى فەرماندە يەتتى شەھر.
ئېرۇر بۇ غەزەل ئول خىرەد پىشەدىن،
فەرەھ تاپتى فەزلى بۇ ئەندىشەدىن.
(«بەيازى ھەزىنى» 86 ـ بەت)

## مۇرەببەئلەر

قىلا باشلادى ماڭا زۇلمكىم،
سىتەم ئەتتى جەۋرۇ جەفالەرىڭ،
كى ۋەفاغە ۋەئدەلەر ئەيلەبان،
قانى ۋەئدەغە ۋەفالارىڭ.

رۇخى ماھ ئۈزە خەتى مۇشكىسا،
لەبى لەئلى نۇكتەئى جان فەزا،
كۆزۈ قاشى ھەر بىرى خۇش ئەدا،
مېنى ئۆرتەدى بۇ بەلالارىڭ.

كى ھۇسن مۇلكىنى شاھىسەن،
ئېشت ئاشىق ئەھلىنى دادىنى،
كى فىراقى سىنەسى چاكىنى،
ساڭا ئەرز ئېتەر فۇقەرالارىڭ.

ماڭا ناز قىلدى تەغافۇلىڭ،
دىلۇجان دۇئاغە يۈگۈردىلار،
كۆز ئۇچى بىرلە قارادىڭ كۈلۈپ،
تەلەبىگە يەتتى بۇ گەدالارىڭ.

مەھى ئارەزىڭنى خەيالىدە،
كۆيەمەن فىراق ئىلە جەۋرىدە،
كەفى خاك بولدى ۋۇجۇدىمىز،
يەنە كىتمەدى بۇ بەلالارىڭ.

نەچە يىل كۆڭۈل كىچەلەر فىغان
قىلىپ ئۆتەيىن ئانى كويىدە،
دىلى تاشدۇر ئەسەر ئەيلەمەس،
بۇ فىغان ئىلە بۇ نەۋالارىڭ.

دىلۇ جانى فەزلىئى ناتەۋان،
ساڭا مۇنتەزىر كۆزى تىگران،
ھەمە دەم كۆڭۈلدە مۇھەببەتىڭ،
تۈنۈ كۈن دىلىمدە دۇئالارىڭ.

(«بەياز» 159 ـ بەت)

## مۇرەببەئى فەزلى

يا رەب، بۇ جەھان ئىچرە كەلدۇقچە سىنى دەرمەن،
ئۆمرىمنى گۈلى تاڭلا سۇلدۇقچە سىنى دەرمەن،
بىر بەندەئى ئەھقەرمەن ئۆلدۇقچە سىنى دەرمەن،
ئول شوخ سىتەمگەردەن دوندۇقچە سىنى دەرمەن.

ئالەم يۈزىنى كەزدىم، جانانە، سۈراغىڭدە،
ئەرزىمنى دېگەي ئېردىم، تۈرسىدى قۇلاغىڭدە،
بولغاي ماڭا ئۆز دەردىم قويمە يەنە داغىڭدە،
مىژگانلەرى خەنجەرد دۈندۈقچە سىنى دەرمەن.

بۇ نالەيۇ ئاھىمنى كۆك سارى يەتۈرگەندە،
خۇبلارنى قاتارىدە نامىمنى بىتۈرگەندە،
شۈكرىغە زۇبانىمنى ھەر دەمدە كېتۈرگەندە،
ئول تىللەرى شەككەردىن دۈندۈقچە سىنى دەرمەن.

ئەيىيان چۆلىدە كەزدىم مويىمنى سەفىد ئەيلەپ،
دائىم ئەمەلىم يۈردۈم جۇرمىمنى جەدىد ئەيلەپ،
ساڭا قىلامەن زارى فەزلىڭدىن ئۈمىد ئەيلەپ،
دىلبەر يۈزى ئەھمەردىن دۈندۈقچە سىنى دەرمەن.
(«بەياز» 165 ـ بەت)

## مۇھتەمىلاتى فەزلى

ئەي پەرىۋەش، گۈل يۈزىڭدىن پەردە ئال،
كىم غەمىڭدىن كۆزدە ياشىم بولدى ئال،
يار بولغايلار ساڭا مەھشەر كۈنى،
ئەھمەدى مۇختار ئىلە ئەسھابۇ ئال.

* *

بادەسىز بىتابمەن بۇ كېچەمەن،
لەئلىڭ ئىستەب ئەمدى جاندىن كېچەمەن،
ساھىلى مەقسۇدغە يەتگەيمەنمۇ دىپ،
كۆز ياشىم دەرياسىدە سۇ كېچەمەن.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

*           *

بىنەۋامەن يارى كۆزۈ قاشىدىن،
تەلبە كۆڭلۈم كەلمەس ئانىڭ قاشىدىن.
كافىرۇ مۇئمىن ئانىڭ ھەيرانىدۇر،
گاھى ئىزھار ئەتتى ئانى قاشىدىن.

*           *

ئول پەرى جانىمغە ئوتلار ياقەدۇر،
كۆيگەنىم كۆڭلىغە ياخشى ياقەدۇر،
ئىشقىدىن ھەر يان تۇشۇپ جىسمىمە چاك
قىلامەن، پىراھەنىم بىياقەدۇر.

*           *

ئەي سىھى قامەت، باشىمغە سايە سال،
تابەلەر گىيسۇيى ئەنبەر سايە سال،
ئىشق سەھراسىدە، ئەي سەرۋى رەۋان،
سەل ئىرۇر ئەشكىم ئاياغىڭ سايە سال.

*           *

ھەمنىشىن ئەغيارە تا ئول يارەدۇر،
كۆكرەكىم ھەسرەت ئوتىدىن يارەدۇر،
مەي بىلە ساقى ھىمايەت بولماسە،
شىھنەئى ھىجران يۇرەكنى يارەدۇر.

*           *

ئەي مۇھىبلەر، يەتسەڭىز گەر يازەسىز،
گۇل ئاياغىدە خۇمارى يازەسىز،
گەر مەن ئۆلسەم تۇربەتىمنى باشىغە،
گەشتەئى پەرسۇفدۇر دەپ يازەسىز.

*           *

ئارەزىڭ گۇلزارى جەننەت باغىدۇر،
تارى زۇلفىڭ جان قۇشىنى باغىدۇر،

ھەلقەئى زۇننارى زۇلفىڭ دەۋردە،
كافىر ئىشقى ئولماغانلار باغىدۇر.

*    *

ئول پەرى تا ئەيلەدى خۇررەم بۇخار،
دۇدى ئاھىمدۇر فەلەك ئۇزرە بۇخار،
گۇلنى رۇخسارى دېگەن فەرق ئەتمەدى،
كىم لەتافەت ئىچرە ئول گۇلدۇر، بۇ خار.

*    *

ئەر كىرەك ئۆرتەنسە كۆيسە يالىنە،
يارە يەب ياتسە ئاتىنى يالىنە،
ئىت ئۆلۈمى بىرلە ئۆلسۇن نامۇراد،
ئۆرتەنىپ ئول دۇشمەنىنە يالىنە.

*    *

بوينۇغە نىسبەت چۇ ئەتتىم يارۇمى،
ئول خىجالەتدىنكىم ئەتتىم يارۇمى،
تارى موينى زەكاۋەتكە بىرەي،
يا مىسرنى يا ھەلەبنى يا رۇمى.

*    *

نەۋخەتىم زۇلفىدىن ئاچقان چاغدا، چىن،
مۇنفەئىلدۇر رەشكدىن ئاھۇيى چىن،
چىنۇ ماچىن زۇلفى فەرماندەدۇر،
بۇ سۆزىم يالغان ئەمەسدۇر بارچە چىن.

(«بەياز» 123 ـ بەت)



ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگۈ ئادرېسى

# فۇرقەت

زاكىرجان خالمۇھەممەد ئوغلى فۇرقەت ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە دېموكراتىك ئەدەبىياتى سەھنىسىدىكى مۇھىم نامايەندىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە خەلقچىللىق ئىدىيىسىنىڭ تەرغىباتچىسى. ئۇ تالانتلىق شائىر، ماھىر خەتتات، مۇزىكانت، ئىقتىدارلىق تېۋىپ ۋە ئاكتىپ ئىجتىمائىي پائالىيەتچى. ئۇ يەنە ئەللەر ۋە مىللەتلەر دوستلۇقىنىڭ ئاتەشىن كۈيچىسى.

فۇرقەت 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور ھەسسە قوشقان شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى شۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ مەھسۇلدار دەۋرى شىنجاڭدا ئۆتكەن بولغاچقا، ئۇ ئۆزبېك خەلقىنىڭلا ئەمەس ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ سۆيۈملۈك شائىرى.

فۇرقەت 1859 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پەرغانە ۋادىسىدىكى قوقەن شەھىرى غىشكۆۋرۈك گوزەرى كونا بەشئېرىق مەھەللىسىدە ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق مەزگىللىرىدە ئۆزبېكىستاندىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئۆزبېك، پارس كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنگەن.

فۇرقەت 1873 ـ يىلى «ماھلەر ئايىم مەدرىسىسى»گە كىرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان، 1879 ـ يىلى يېڭى مەرغىلان (ھازىرقى فەرغانە شەھىرى)گە بېرىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان، شۇ مەزگىلدىن باشلاپ فۇرقەت (ئايرىلماق، جۇدا بولماق) تەخەللۇسى بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن ۋە ئەل ئارىسىدا تونۇلغان. ئۇ 1882 ـ يىلى خوجەنتكە ۋە شۇ يىلى 6 ـ ئايدا تاشكەنتكە كېلىپ بىر مەزگىل «كوكۇلداش ـ مەدرىسىسى»دە تۇرغان. 1890 ـ يىلى 4 ـ ئايلاردا تاشكەنتتە چىقىدىغان «تۈركىستان ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى» رېداكسىيىسىدە تەرجىمان ۋە مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلىگەن. (مەلۇماتلاردا فۇرقەتنىڭ ئەينى دەۋر رۇس تىلىنى ئۆگەنلىكى قەيت قىلىنغان). ئۇ بۇ مەزگىللەردە ھەر خىل ژانىرلاردا ئەسەرلەر يېزىپ ئەل ئارىسىدا ناھايىتى زور شۆھرەت قازانغان ۋە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ تەقىب ئاستىغا ئېلىنىشىغا ئۇچرىغان.

فۇرقەت 1891 ـ يىلى مەلۇم تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋەتىنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، تاشكەنتتىن يولغا چىقىپ نۇرغۇن مەملىكەتلەرنى ئايلىنىپ زىيارەت قىلىپ، 1893 ـ يىلى رايونىمىز شىنجاڭنىڭ يەركەن شەھىرىگە كېلىپ بۇ گۈزەل دىيارنى ھەم سەنئەتسۆيەر ئۇيغۇر خەلقىنى چىن دىلىدىن ياقتۇرۇپ قالغان ۋە بۇ جايدا ماكانلىشىپ بۇ دىيارنى «مېنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنىم» دەپ ئاتىغان.

فۇرقەت يەركەندە كىچىك كۆلبېشى مەھەللىسىدە ئولتۇراقلاشقان ۋە رەستىدىكى «سۆگەت سارىيى»نىڭ يېنىدا تېۋىپلىق دۇكىنى ئېچىپ، تۇرمۇشىنى قامدىغان. ئۇ 1909 ـ يىلى 51 يېشىدا بوغۇز ئاغرىقى كېسىلى بىلەن يەركەندە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۆزلىرى بىلەن 16 يىل ھەمنەپەس بولۇپ قەلبلىرىدە ھۆرمەت تۇيغۇسى ئويغاتقان بۇ سۆيۈملۈك شائىرنىڭ مېيىتىنى يەركەن خەلقى داڭدار مەھەللىسىدىكى ئۆزبېكلەر قەبرىستانلىقىغا



www.uyghurkitap.com

دەپنە قىلغان.

فۇرقەت بىزگە ئالىيجاناب پەزىلەت ۋە مول ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرى توپلىنىپ 1988 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «فۇرقەت تاللانما ئەسەرلىرى» دېگەن نامدا نەشر قىلىندى. فۇرقەت بىر ئۆمۈر گۈزەللىك ۋە ھەققانىيەت ئىزدەپ جاھان كېزىپ غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قولىدىكى قەلىمىنى تاشلاپ قويمىدى. ئۇ گۈزەل ھېس ـ تۇيغۇغا باي، ئىنكاسى ناھايىتى تېز، ھازىر جاۋاب، يۇمۇرىستىك روھقا ئىگە ھېسسىياتچان شائىر بولۇپ، ئۇ گۈزەللىكنىڭ كۈيچىسى ئىدى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاياللار ئوبرازىنى ئىنتايىن گۈزەل سۆزلەر بىلەن مەدھىيىلەپ ناھايىتى يارقىن يارىتقان بولۇپ «ئايال» دېگەن بۇ ئاتالغۇ «گۈزەللىك، ۋاپادارلىق، مۇلايىملىق، نازۇكلۇق، رايىشلىق، سەمىمىي ۋە ساداقەتمەنلىك، شۇنداقلا مەڭگۈ تورنىماس خۇش پۇراق گۈل، ھاياتلىقنىڭ ئارامبەخش بۇلىقى» دېگەن سۆزلەر بىلەن تەڭداش مەندە ئىشلىتىلگەن. ئايااللار ئوبرازىنى مۇشۇنداق گۈزەل سۆزلەر بىلەن زىننەتلەپ كەلگەن. فۇرقەتنىڭ تۆۋەندىكى «خاتۇن» ھەجۋىيسىنى يېزىشى نازۇك ۋە گۈزەل تەبىئەتلىك شائىرنىڭ ۋەتىنىنى تەرك ئېتىشىدىكى ئىجتىمائىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلالايمىز.

## ھەجۋىي فۇرقەت

مەرد بولساڭ سىررىڭ ئايتما، ئاشكار ئەيلەر خاتۇن،
ھەر زەمان ئايىنە تەبئىڭنى غۇبار ئەيلەر خاتۇن.
قىلغۇسى يۇسۇف كەبى مەھبۇسى زىندانى بەلا،
گەر زۇلەيخادەك مۇھەببەت ئاشكار ئەيلەر خاتۇن.

جەۋرىدىن ئاخىر ئەزىمەت يولىنى تۇتقاي كىشى،
بۇ كەسافەت بۇيلە مەھرۇمى دىيار ئەيلەر خاتۇن.
ئاغرىسە باش ماڭا يۇك تۇشتى دەپ، ئەچكۇ ئالىپ،
بۇ بەھانە بىرلە تا ئەزمى مەزار ئەيلەر خاتۇن.
گوشتۇ ياغ ئۆيدىن ئوغۇرلاپ قوشنىغە ساتىپ ئانى،
كەلسە سانتۇچى مەزەڭ سەرفى ئىپار ئەيلەر خاتۇن.
كەلسە بىر مىھمان جەۋان سۇرەت ئەگەر تاشقارىگە،
بەچچەدۇر دەپ نەئرە تارتىپ شەرمىسار ئەيلەر خاتۇن.
يوق لىباس ئەڭنىمدە دىپ بىر ئاي ھىيتدىن ئىلگەرى،
كۆزگە غەۋغالار سالىپ ئالەمنى تار ئەيلەر خاتۇن.
باۋەر ئەتمەس سۆزلەسەڭ بىرنەچچە ئەزروىى كىتاب،
پالىبىن يالغان سۆزنى ئىئتىبار ئەيلەر خاتۇن.
ياتماساڭ ئالدىدە بىر كىچە كۆڭۇلسىز بولدى دەپ،
باشۇ ئىككى تەتقىغە يەتمىش تۇمار ئەيلەر خاتۇن.
ئەلغەرەز، بۇ بەدسىرىشتنى رايى بىرلە يۇرمەسەڭ،
فۇرقەتا، دائىم پەرىشان رۇزىگار ئەيلەر خاتۇن.
(«بەيازى ھەزنى» 215 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com

# كامىل خارەزمى

مۇھەممەد نىياز كامىل خارەزمى تالانتلىق شائىر، مەشھۇر كومپوزىتور، ئۇستا خەتتات، يېتىلگەن ئالىم ۋە تەجرىبىلىك سىياسىي ئەرباب بولۇش بىلەن بىرگە پىشقان تەرجىماندۇر.

مۇھەممەد نىياز كامىل خارەزمى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا خارەزم ئەدەبىي مۇھىتىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، 1864 ـ يىلىدىن باشلاپ بەدىئىي ۋە تارىخىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا تونۇلغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قولىيازمىلارغا ۋە تاش باسما توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىلا بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ پارس تىلىدىن ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلغان بەرخوردار تۈركمەننىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» («مەھافىل ئارا») ئەسىرى ۋە ھۇسەين ۋائىز كاشىفىنىڭ ئوغلى ئەلى سەفىينىڭ «لەتايىفۇز ـ زەرايىف» ئەسىرى ئەبۇ رەيھان بىرونى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا 884 ـ ۋە 4502 ـ نومۇرلۇق تىزىملىكتە ساقلانماقتا.

## غەزەللەر

گەر ئالسە ئىلكىگە ئول ماھ تەنبۇر،
چېكەر ئوتلۇغ كۆڭۈلدەك ئاھ تەنبۇر
قىلۇر مۇترىبۋەشىمنىڭ فۇرقەتىدە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقى ئادرېسى

دەما دەم نالەئى جانگاھ تەنبۇر،
غەمىڭدىن نالە ئەيلەردە تۈنۈ كۈن،
ماڭادۇر ھەمدەمۇ ھەمراھ تەنبۇر.
بولۇرمەن غەم سەقىلىدىن سەبۇكبار،
ئەيان قىلسە گەر ئىشق ئاللاھ تەنبۇر.
جەھاندە سازنىڭ ئەنۋائى كۆپدۇر،
ۋەلې ئىستەر گەدايۇ شاھ تەنبۇر.
بولۇر ئۇششاق، ئەي مۇترىب، ئەسرىڭ،
ئاللىپ ساز ئەيلەسەڭ دۇگاھ تەنبۇر.
قىلۇر سەبرى مەقامات ئول جىھەتدىن،
ئىرۇر كامىلگە خاتىر خاھ تەنبۇر.

(«بەياز» 50 ـ بەت)

* *

قويمە گۇلزار ئەرا قەدەم گۇستاخ،
ياتمىش ئاندە نەچە سەنەم گۇستاخ.
خاكى ئەجزاسىدىن ئىرۇر مەدفۇن،
نەچە دار ئۇنچە جىسمىنى گۇستاخ.
يەل غۇبارى ئارا بىل ئالۇدە،
ساھىبى سەيف ۋەلقەلەم گۇستاخ.
قىلما ئانلارنى ئۇيقۇدىن بىدار،
چالىبان نەغمە زىرۇ بەم گۇستاخ.
ھەم شاھەنشاھلار جەنابىدە،
ئۇرماغىل لاف بىرلە دەم گۇستاخ.
ئاجىزانە مۇرادىڭ ئەت مەئرۇز،
بول تەكەللۇم قىلۇردە كىم گۇستاخ.
ئەرزى ھالىڭنى سىفەت ئەيلەر ئىسەڭ،

بىتمەگىل سەفھەغە رەقەم گۈستاخ.
ھەر نېچۈك ئەمر قىلسە مەئمۇر ئول،
دېمەگىل لاف ئىلە نەئەم گۈستاخ.
ھەر نېچە مەھرەمۇ مۇقەررەب ئىسەڭ،
فىئلۇ خۇلقىڭنى قىلمە ھەم گۈستاخ.
بولمە ھەزلۇ مۇتائىبە ئارامىم،
گەر سىنى بىلسە مۇھتەرەم گۈستاخ.
بولمە كامىل ھۇزۇرى ئەشرەفدە،
بىل ۋۇجۇدىڭنى چۈن ئەدەم گۈستاخ.
(«بەياز» 51 ـ بەت)

* *

ئىگنىگە كىيدى تاكى نىگارىم قىزىل لىباسى،
كۆرگەندە ئالدى سەبرۇ قەرارىم قىزىل لىباسى.
رەڭگىمنى زەئفىران كەبى قىلدى سارىغ كەمەر،
تا ئەتتى ئەشكىمۇ دىلى زارىم قىزىل لىباسى.
كۆرسەتمە ئاتەشىن گۈلىڭ ئېي باغبان ماڭا،
ئول سەرۋ ئۈستىدە گۈلنارىم قىزىل لىباسى.
گۈلگۈن بۇلۇت كەبى كۆرۈنۈپ مىھر ئۈستىدە،
چۈن زەررە ئالدى سەبرۇ قەرارىم قىزىل لىباسى.
بۆركى قاراسى قىلدى قارا رۇزىگارىمى،
قان ئەتتى چەشمى لەئلى نىسارىم قىزىل لىباسى.
چىھرىمنى ئەسفەر ئەتتى تۆكۈپ قان ياشىم مۇدام،
تەبدىل ئېتەر خەزانغە بەھارىم قىزىل لىباسى.
خۇرشىد ئەرا شەفەق كەبى جىلۋە قىلۇر ئەيان،
كىيگەن زەمانىدە مىھرى ئۈزارىم قىزىل لىباسى.
دېدىمكى كىمنى قەتل قىلۇرسەن قىزىل كىيىپ،

كىيمەك دىدى ھەمىشە شىئارىم قىزىل لىباسى.
قەبرەمدىن ئەتتى قان ياشىم ئەنداغ تەرەششۇھى،
كۆرگەن دىگەي كىيىپمۇ مەزارىم قىزىل لىباسى.
گۈلرەڭ بادە نۇشاسى ياقماس دىماغىمە،
كامىل كەبى چۇ يازدى خۇمارىم قىزىل لىباسى.
(«بەياز» 53 ـ بەت)

*　　　*

بەھار ئەييامى بولمىش گۈلشەن ئىچرە، ئەي سەنەم كەلگىل،
ئۇلۇسدىن قىلغالى دەم شىددەتى رەنجىنى كەم كەلگىل.
گۈلى رۇخسارىڭنى سەرۋى قەدىڭنىڭ ئارزۇسىدە،
قىلۇر تۈتىيۇ قۇمرى تۈنۇ كۈن ئەلھانۇ نەغەم، كەلگىل.
بەھار ئاسا نەسىمى رۇھ پەرۋەر ئېيتۇرۇپ ھەر يان،
گۈل ئاچمەققە چەمەنلەر سەيرىغە ھەر سۇبھى دەم كەلگىل.
بەسى سەركەشلىك ئىزھار ئەيلەمىشدۇر باغ ئارا شەمشاد،
قىلۇرغە قەددىن ئانىڭ قامەتىڭ ئالىدە خەم كەلگىل.
پەيامى نۇش ئەيلەپ ئىشرەت ئەفزا بادە سۇبھۇ شام،
كۆڭۈلنى جامىدىن مەھۋ ئەيلەمەككە زەڭگى غەم كەلگىل.
توشاپدۇر يوللەرىڭ ئۆزرە خىيابەنلەرگە گۈلبەرگىن،
قويارغە ئۇشبۇ پايئەنداز ئۇستىغە قەدەم كەلگىل.
چەمەن سەيرىغە كەلسەڭ ھەر قاچان، ئەي خۇبلەر شاھى،
شۇكۇفە بەرگىدىن باشىڭ ئۈزە ساچقاي دەرەم كەلگىل.
شەباب ئەييامىيۇ گۈل مەۋسۇمى ئىبرەمسدۇرۇر جاۋىد،
بۇ كەم فۇرسەت زەمانىنى ئەمدى ئاڭلاپ مۇغتەنەم كەلگىل.
رۇخى گۈلگۈنىڭنى جامى ۋىسالىڭ ھەجرىدە دائىم،
بۇ گۈلشەن ئىچرەدۇر كامىلگە سەنسىز مادەسەم كەلگىل.
(«بەياز» 54 ـ بەت)

* *

ئەي لەئلى لەبلڭ مېنىڭ ھەياتىم،
چەشمىڭ داغى بائىسى مەماتىم.
خۇرشىدى ئۇزارىڭ ئالىدە يوق،
زەررە كەبى تاقەتۇ سەباتىم.
ئىشقىڭغە ئېرۇرمەن ئۇيلە پابەست،
كىم مۇمكىن ئەمەس يانە نىجاتىم.
بۇ ئىسمەت ئىلە دېمەك خەتادۇر،
ئىنسان سېنى، ئەي مەلەك سىفاتىم.
سەرگەشتەمەن ئىشق ئەرا فەلەكۋار،
ئەفغان ئىلە ئاھۇ ھادىساتىم.
ھەجرىڭدە چۇ ئۆلمەدىم غەمىڭدىن،
كۆرسەم يۈزىڭ ئۆلتۈرۈر ئۇياتىم.
خالۇ خەتى ۋەسفىنى يازاردە،
خامە مىژەمۇ كۆزۈم دەۋاتىم.
تا بولدى قەددۇ يۈزىڭ ماڭا كام،
يوق سەرۋ ئىلە گۇلگە ئىلتىفاتىم.
خۇشراق ماڭا چىقسە شاھلىقدىن،
كامىل كەبى قۇللاقىڭدە ئاتىم.

(«بەياز» 55 ـ بەت)

* *

لەبىڭدىن بېھىشت ئىچرە كەۋسەر فىدا،
سۆزىڭغە سەدەف ئىچرە گەۋھەر فىدا.
يۈزۈ زۇلفىڭە سۇنبۇلۇ گۇل ئەسىر،
خەتۇ خالىڭە مۇشكۇ ئەنبەر فىدا.

www.uyghurkitap.com

ئۇزارۇ لەبۇ قامەتۇ چەشمىڭە،
گۈلۈ غۇنچەۋۇ سەرۋۇ ئەبھەر فىدا.
قەدەمىڭغە ھەم تەخت ئېرۇر تەختىپا،
ئانىڭدەككى باشىڭگە ئەفسەر فىدا.
باشىڭدىن نېگە ئايلانۇر سۇبھۇ شام،
ئايۇ كۈن ساڭا بولماسە گەر فىدا.
كۆزىمدەك نېگە بولدى لەبرىز ئەشك،
لەبىڭغە ئەمەس بولسە ساغەر فىدا.
ھەمىشە كۆتەرمەس باشىن سەفھەدىن،
خەتىڭغە مەگەر بولدى مەستەر فىدا.
قويار باش ئەياغىڭغە نېچۈن ساڭا
ئەمەس بولسە زۇلفى مۇئەنبەر فىدا.
يولىڭغە ئاچۇق چەشمى ھەيرانى كەبى،
سەڭا بولغالى مېھرى ئەنۋەر فىدا.
فىدا بولسە كامىل ئاڭا خۇبلەر،
نېتاڭ بولغۇسى شەھدۇ شەككەر فىدا.

(«بەياز» 57 ـ بەت)

* *

ئەي خۇسرەۋى كىشۋەرى مەلاھەت،
ئەيلەر ساڭا خۇبلار ئىتائەت.
كافۇر كۆزىڭ ئۇلدى ئافەتى جان،
ئىمەنمە كۇفرى زۇلفىڭ ئافەت.
ئىشقىڭدە كۆڭۈلنى، ئەي پەرىۋەش،
چاڭ ئەيلەدى خەنجەرى مەلامەت.
كۆز چېھرەگى ئەسفەرىمغە سالسۇن،
كىم ئىستەسە ئىشقدىن ئەلامەت.

سەنسىز غەمۇ دەرددۇر رەفىقىم،
قىلسەڭ نې بولۇر ماڭا رەفاقەت.
ۋەسل ئىسمە هەجر رەنجى چەكمەي،
كىم كامىنى تاپتى بىرىيازەت.
يارنىكى يۈزى گۇلدۇرۇر، قەدى سەرۋ،
كامىل ساڭا سەرۋۇ گۇل نې هاجەت.

(«بەياز» 58 ـ بەت)

* *

ماڭا زۇلمىن كەم ئەتمەس گۈنبەزى دەۋار بىر سائەت،
تۆكەر غەم خىرمەنىن باشىمغە يۈز خەرۋار بىر سائەت.
نې ئول ئايدىن كېلۇر يىللار ئارا بىر ۋەسلى پەيغامى،
نې ئانىڭ مەجلىسىدىن ئايرىلۇر ئەغيارە بىر سائەت.
نې ئەهۋالىمنى ئەرز ئەيلەرگە هامىيۇ مەئيەنىم بار،
نې شەه يىللاردە هالىم ئەيلەر ئىستىفسار بىر سائەت.
كىمە بىر خىزمەت ئەتسەم ئەيلەگەن ئورنىغە يۈز تۆهمەت،
ئەسەلغە زەهر، گۇل ئورنىغە سانچار خار بىر سائەت.
بولۇپ بىگانەۋەش يىللار يامانلىغ ئاشكار ئەتتى،
كىمەكىم ئاشنالىغ ئەيلەدىم ئىزهار بىر سائەت.
يېتەر، ئەفغانكى، نادان دوستلارنىڭ ئىختىلاتىدىن،
كۆڭۆل ئايىنەسىغە يۈز تۈمان زەڭگار بىر سائەت.
جەهان پەستۇ بەلەندى، ساقىيا قان قىلدى كۆڭلۈمنى،
مېنى مەستۇ مۇدام ئەت قويماغىل هوشيار بىر سائەت،
بولۇر هەر سائەتىم بىر كۈن كۈنۈم يۈز يىل يىلىم مىڭ ئاي،
ماڭا لۇتف ئەتمەسە شاهى فەلەك مىقدار بىر سائەت.
هەمىشە ئۆز تەمەئ شاهى جەهاندىن ئۈزگەدىن، كامىل،
دېسەڭ بولماي جەهان ئىچرە زەلىلۇ خار بىر سائەت.

(«بەياز» 59 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇخەممەس

ماڭا قىلماي ئىرسال پەيغاملار،
چەمەن سەھنىدە سۇبھى ئىلە شاملار،
رەقىبىم ئىلە نۇش ئېتىپ جاملار،
ئالىپ خەلقدىن سەبرۇ ئاراملار،
دىلئارامىلاردۇر، دىلئاراملار.

كۆزۈم گىريەسى چەشمى بادامىدىن،
كۆڭۈل قانلىغى لەئلى گۇلفامىدىن،
مۇقەييەدلىغىم زۇلفىنىڭ دامىدىن،
ماڭا سەيھەلەر فۇرقەن ئالامىدىن،
قارا شاملاردۇر، قەرا شاملار.

قارا قاشلارىڭدۇر، قەددىم نۇن قىلان،
قىزىل يۈزىڭ ئەشكىمنى گۇلگۇن قىلان،
لەبىڭدۇر يۈرەك باغرىمنى خۇن قىلان،
مەنى ئىشق دەشتىدە مەجنۇن قىلان،
نىكۇنامىلاردۇر، نىكۇناملار.

گۇلىستاندە ئارەز جەمال ئەيلەگەن،
گۇلۇ سەرۋىنى پايمال ئەيلەگەن،
رەقىب ئىلە بەزمى ۋىسال ئەيلەگەن،
مىنى دائىم ئاشۇفتە هال ئەيلەگەن،
بۇ خۇدكامىلاردۇر، بۇ خۇدكاملار.

بولۇپ بارچە دىلدارلار ھەمنىشىن،
بارى ماھ رويۇ بارى گۇلجەبىن،
چۇ تارقاتتى زۇلفىن ھەمە نازەنىن،
كۆڭۈل سەيدىغە كاكۇلى ئەنبەرىن،
ئەجەب داملاردۇر، ئەجەب داملار.

* *

بارىپ سەھنى گۇلشەندە ئەيلەپ مەقام،
ئىچىپ غەيرى ئىلە بادەئى لەئلى فام،
ياتىپ مەست گاھىكى ئەيلەپ خىرام،
مېنىڭ سۇبھۇ شام ئۇيقۇم ئەتگەي ھەرام،
گۇلئەنداملاردۇر، گۇلئەنداملار.

ئەيان ئەيلەگەچ قاشلارى ياسىنى،
قويارلار يەڭى ئاي تەمەشاسىنى،
تەلەب قىلسە ئۇششاق شەيداسىنى،
دىگەيلەر كۆرۈپ چەشمى شەھلاسىنى،
نى باداملاردۇر، نى باداملار.

خۇش ئول ۋەقتكىم شادۇ خۇررەم ئىدىم،
پەرى چىھرەلەر بىرلە ھەمدەم ئىدىم،
ئىچىپ بادەئى ۋەسلى چۇن جەم ئىدىم،
شەھەنشەھ جەنابىدە مەھرەم ئىدىم،
نى ئەييامىلاردۇر، نى ئەييامىلار.

ئوقۇپ ئەھلى تەقۋا نەمازى رىيا،
تۇتۇپ ئۆزلەرىن كامىلۇ پارسا،

تىكىپ يانە كەۋسەرغە كۆز بارھا،
قىلۇر تەرك مەئشۇقۇ مەي دائىما،
ئىشى خاملاردۇر، ئىشى خاملار.
(«بەياز» 189 ـ بەت)

* *

دامى مۇھەببەتىڭگە تا پايىبەست بولدۇم،
لەيلى يولىدە گويا مەجنۇنى مەست بولدۇم،
تۈن ـ كۈن ئۇرۇپ تەكۈپۇ، سەھرا نىشەست بولدۇم،
بۇ دەشت ئارا قۇيۇندەك بىپايۇ دەست بولدۇم،
ئىشقىڭ ئوتىغە گويا ئاتەشپەرەست بولدۇم.

بىر مەھۋەشى سىتەمگەر يوق سەن كەبى جەھاندە،
پىنھان بولۇرسەن ئۇلفەت غەير ئىلە ھەر مەكاندە،
قالمادى ئەمدى تاقەت مەن زارۇ ناتەۋاندە،
چۈن بادەنۇش بولدۇڭ غەير ئىلە گۈلىستاندە،
ئول سەربەلەند بولدى، مەن يەرگە پەست بولدۇم.

چۈن مەجلىس ئىچرە يايدىڭ گۈل ئۇزرە سۇنبۇلىڭنى،
يەئنى ئۇزارىڭ ئۇزرە شەبرەڭگى كاكۇلىڭنى،
كۆرگەندە نالە قىلدىم ئول سۇنبۇلۇ گۈلىڭنى،
چۈنكىم بۇ گۈلىستاندىن قاۋۇدىڭ بۇلبۇلىڭنى،
ئەغيار خۇشدىل ئولدى، مېنى دىلشىكەست بولدۇم.

ھەر كۈندە كۆرمەسەم گەر خۇرشىددەك ئۇزارىڭ،
جانۇ كۆڭۈل بولۇرلار چۈن زەررە بىقەرارىڭ،
بولغاندە مەستلىكدىن مىھرۇ ۋەفا شىئارىڭ،

ھەر مەجلىس ئىچرە ناگاھ ياد ئەيلەدىڭ بۇ زارىڭ،
بۇ سۆزنى چۈن ئىشتتىم بىبادە مەست بولدۇم.

تا ئەيشۇ ئىشرەت ئەتتى دۈشمەن ھەبىب بىرلە،
گۈلشەن ئارا نىچۈككىم گۈل ئەندەلىب بىرلە،
ھىجراندە ئىشمدۇر سەبرۇ شىكىب بىرلە،
ھەمسۆھبەت ئولدى، ۋاھكىم، دىلبەر رەقىب بىرلە،
دەردۇ غەمۇ بەلاغە مەن ھەمنىشەست بولدۇم.

ھىجران ئارا مىنى كۆپ مەھزۇنۇ زار قىلمە،
يولىڭدە كۆزلەرىمنى كۆپ ئىنتىزار قىلمە،
ئۇششاق ئارا مەنى ھەم بىئىئتىبار قىلمە،
ھەمسۆھبەت ئەيلەمەكدىن كامىلنى ئار قىلمە،
كۆرىڭكى بەرباد ئولدۇم، رۇزى ئەلەست بولدۇم.
(«بەياز» 191 ـ بەت)

## مۇخەممەسى كامىل بەرغەزەلى راجى

نەچە، نەچە، نەچە كۈندەن بىرى جەھان يەكسەر،
قارا، قارا، قارا ئېردى كۆزۈمغە شامۇ سەھەر،
بۇ كۈن، بۇ كۈن، بۇكۈن ئالەم مۇنەۋۋەر ئولدى مەگەر،
قۇياش، قۇياش، قۇياش ئاسا جەمالىن ئول دىلبەر،
ئاچىپ، ئاچىپ، ئاچىپ ئالەمنى ئەيلەدى ئەنۋەر.

ئالىپ، ئالىپ، ئالىبان بۇرقەئىن ئاچىپ دىدار،
بولىپ، بولىپ، بولىبان ناز مەركەبىغە سەۋار،
سۇرۇپ، سۇرۇپ، سۇرۇپ ئۆتكەچ سەمەند خۇش رەفتار،
كۆرۇپ، كۆرۇپ، كۆرۇپ ئانى يىراقدىن مىنى زار،
ساچىپ، ساچىپ، ساچىپ ئاھىم بىلە جەھانغە شەرەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئاتى، ئاتى، ئاتى كەينىدە بىلدىم ئانداقكىم،
قارا، قارا، قاراسىن كۆزگە ئىلدىم ئانداقكىم،
ئىزى، ئىزى، ئىزىدە پۇيە قىلدىم ئانداقكىم،
بارىپ، بارىپ، بارىپ ئۆزدىن يىقىلدىم ئانداقكىم،
تەنىم، تەنىم، تەنىم ئىچرە يوق ئىردى جاندىن ئەسەر.

ئۆلۈك، ئۆلۈك، ئۆلۈك ئاسا ماڭا ئاغىز قۇرۇبان،
ياتىپ، ياتىپ، ياتىپ ئىردىم يولىدە تىمۇرۇبان،
باشىم، باشىم، باشىم كەلدى ناگاھ ئات سۇرۇبان،
مېنىڭ، مېنىڭ، مېنىڭ ئۇشبۇ يىلقىلماغىم كۆرۇبان،
يۈرۈپ، يۈرۈپ، يۈرۈپ ئۇلدى قاشىمغە لۇتف ئاۋەر.

دېدى، دېدى، دېدى ياش تۆكمە مىسلى ئەنجۇملار،
ئىچى، ئىچى، ئىچى قان ئولمە ئۇيلەكىم خۇملار،
قىلىپ، قىلىپ، قىلىبان بۇ سىفەت تەكەللۇملار،
كېلىپ، كېلىپ، كېلىپ ئەيلەپ نەچە تەبەسسۇملار،
سۇرۇپ، سۇرۇپ، سۇرۇپ ئەتتى تەلەتتۇف ئىلە نەزەر.

ماڭا، ماڭا، ماڭا دائىم ۋىسالى ئىردى ھەۋەس،
دەمى، دەمى، دەمى يولىدە پۇيەم ئولماي بەس،
ياتىپ، ياتىپ، ياتىپ ئىردىم يولىدە ئۇيلەكى خەس،
تۇتۇپ، تۇتۇپ، تۇتۇپ ئىلكىم دېدى قوپ، ئەي بىكەس،
كېتىپ، كېتىپ، كېتىپ ئۆزدىن ئەل ئىچرە بولما سەمەر.

كېرەك، كېرەك، كېرەك ئولسە ۋىسال ئاياغى دېدى،
ماڭا، ماڭا، ماڭا كەل باقمە سولۇ ساغى دېدى،

مۇنى، مۇنى، مۇنى بىل ئىلتىفات چاغى دېدى،
لەبىن، لەبىن، لەبىن ئاغزىمغە قويدى داغى دېدى،
تاتىپ، تاتىپ، تاتىپ ئايت ئۇشبۇ تاتلى يا شەككەر؟

يانىپ، يانىپ، يانىبان كامىل ئۇشبۇ سۆزلەردىن،
كۆزۈڭ، كۆزۈڭ، كۆزۈڭى يۇم بۇ مەست كۆزلەردىن،
تەمەئ، تەمەئ، تەمەئ ئۈز لالەرەڭ يۈزلەردىن،
ئۇيال، ئۇيال، ئۇيال، ئەي راجى، ئۇشبۇ سۆزلەردىن،
مەگەر، مەگەر، مەگەر ئىمىشسەن ئۆزگە يا ۋەھنەر.
(«بەياز» 193 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# كەمى

## غەزەللەر

دەرگەھى ھەق پاسبانى ھەزرەتى زەنگى ئاتا،
سەيرى نەبى رازدانى ھەزرەتى زەنگى ئاتا.
تاپتىلەر ھەققا جەنابى ھەقنى قۇربىغە ۋۇسۇل،
تەرك ئەيلەپ ماسىۋانى ھەزرەتى زەنگى ئاتا.
ئوقۇر ئېردىلەر فۇرۇزى خەمسەنى، ھەر كۈن سالىپ
ئەرشى ئەئلاغە رىدانى ھەزرەتى زەنگى ئاتا.
ئېردىلەر زاھىر سىيەھ فامۇ ۋەلىكىن باتىنەن،
تاپتىلار نۇرۇ زىيانى ھەزرەتى زەنگى ئاتا.
ئەيلەگەيلەر تا مەماتىدىن بېرۇرىدە زەبان،
ئاللاھ، ئاللاھ، رەببەنانى ھەزرەتى زەنگى ئاتا.
تۇرفە بىر كەشفۇ كەرامەت كۆرگۈزۈپ دەھر ئەھلىغە،
ئالدىلەر تەنبەر ئەنانى ھەزرەتى زەنگى ئاتا.
ئەجز ئىلە ئىزھارى ھاجەت ئەيلەگىز ئەھبابلەر،
بىزەبانلەر تەرجۇمانى ھەزرەتى زەنگى ئاتا.
ناتەۋانۇ ئاجىزۇ ئەفتادەلەرغە بىگۇمان،
مۇتتەكادۇر ئاستانى ھەزرەتى زەنگى ئاتا.
خەستەيۇ بىمارلارغە مېھرىبان ھازىق تەبىب،
لۇتف ئىلەن ئەيلەر دەۋانى ھەزرەتى زەنگى ئاتا.
كىمكى ئىخلاسۇ مۇھەببەتلە يۈزىن سۈرتەر كېلىپ،
قوللاغاي روھى رەۋانى ھەزرەتى زەنگى ئاتا.

ئەي كەمى، ئىزھارى قۇللۇق بىرلە قىلغىل مەدھىيىلەر،
فاتىھە بىرلەن دۇئانى ھەزرەتى زەنگى ئاتا.
(«بەياز» 103 ـ بەت)

* *

مەن ئاشىق بىر ھەبىب ئىكەنمەن،
دائىم غەزەپ ئىتىپ ئىكەنمەن.
گۇلچىھرەيۇ سەرۋى قەد ئىرۇر ئول،
چۇن قۇمرىيۇ ئەندەلىب ئىكەنمەن.
ۋەسلىدىن ئانى بەئىد دائىم،
ھەجرىغە ۋەلي قەرىب ئىكەنمەن.
بىر يەتمەدى ۋەسلى مۇۋەسسىدىن،
بىتالىئۇ بىنەسىب ئىكەنمەن.
بىمار دىلىم ئىلاجىنە، ئاھ،
مۇھتاج چۇ بىر تەبىب ئىكەنمەن.
ئەھۋالىمى سورغۇدەك كىشى يوق،
ئۆز شەھرىم ئارا غەرىب ئىكەنمەن.
بىلدىمكى قاتارى قۇللەرىدىن،
ۋەھ، ۋەھكى، كەمى ھەيىب ئىكەنمەن.
(«بەياز» 105 ـ بەت)

* *

تۇت غەنىيمەت پىيالە، ئەي ساقى،
ئۆتمەسۇن دەۋرى لالە، ئەي ساقى.
ئەيلەيىن گۇل يۈزىڭنى ھەسرەتىدە،
تابەكەي ئاھۇ نالە، ئەي ساقى.
ئارزۇيى بەھارى ھۇسنۇڭلە،

كۆز ياشىم مىسلى ژالە، ئەي ساقى.
ئارەزلەك دەۋرىدە خەتىڭ گويا،
ماھى گەردىدە ھالە، ئەي ساقى.
كۆرمەدىم مەن جەھان ئەناسىدىن،
سەن كەبى ياخشى بالە، ئەي ساقى.
ئىشرەت ئەھلىن جانى فىدا بولسۇن،
قويمە جەڭگۇ جىدالە، ئەي ساقى.
ئىلتىماسىم بۇدۇركى، تۇتما قۇلاق
ھەر نېچۇك قىلۇ قالە، ئەي ساقى.
كەمى مەخمۇرە جۇرئەئى كەلتۇر،
يەت ئالىھى كەمالە، ئەي ساقى.
(«بەياز» 120 ـ بەت)

## ئىن تەئرىفى دەرۋەفاتى يەكى ئەزئەغنىيائى زەمان ۋە سەخاۋەت تەۋئەمان، ئەئنى بانىئى مەدرەسەئى كىساكقورغان ئەزقەلەمى شىكەستەرەقەم كەمىئى ھىچمەدانىخاترى پەرىشان

ئەفسۇسكى، رەھمەتى بابا باي ھاجى چۇ قىلدى،
بۇ دارى فەنادىن ئۇ بەقا دارىغە رىھلەت.
بىر ساھىبى خەيراتۇ جەۋانى مەرد ئىدى ئۇلكىم،
قىلغەن كەرەمۇ جۇۋدىغە يوق ھەددۇ نىھايەت.
مۇھتاجى مەئىن ئىبردى فەقىر ئەھلىغە مۇشفىق،
كىم مەنبەئى شەفقەت ئىدى ھەم كانى مۇرۇۋۋەت.
ئىلم ئەھلى رەۋاجىغە قىلىپ سەئىيۇ تەرەددۇد،
بۇنياد قىلىپ مەدرەسە ۋەقىف ئەيلەدى قىممەت.
ئاتمىشغە يېتىپ ئۇمرى بەسىدقى دىلۇ ئىخلاس،
فەۋت ئەتمەدى بىر ئان ئۇلەما ئەھلىغە خىدمەت.

كارۇ رەۋشى ئىردى ھەمە ئادەمە مەقبۇل،
خۇلقى خۇشىسى ئېردى پىسەندى ھەمە مىللەت.
گىريانۇ ھەزىن بولدى ۋەفاتىدە ھەمە ئەل،
ئول زات ھەياتى دەيۇ بىزلەرغە غەنيمەت.
گەر شاھۇ گەدا خاھى فەقىرۇ غەنى بولسۇن،
يەتسە چۇ قەزا بەرمەگۇسى زەررەچە مۇھلەت.
بايانى جەھانلەر كۆرۇبان، ئىبرەت ئالىڭلار،
سىز ھەم ئېتىڭىز نامى نىكۇ ئالماقە غەيرەت.
كەلگىل كەمى خەتم ئەيلە دۇئا بىرلە سۆز ئەمدى،
قىلسۇن ئانى ھەق رەھمەت ئېتىپ جايىنى جەننەت.
تەئرىخى ۋەفاتىنى سۇئال ئەيلەسەلەر كىم،
ئۇچيۇز يىگىرمە ئىككىيۇ مىڭ ئىدى ھىجرەت.
(«بەياز» 129 ـ بەت)

* *

ئەي پەرى پەيكەر جەمالىڭنى كۆرەلمەي داغمەن،
كىمسەدىن نامۇ نىشانىڭنى سورالماي داغمەن.
فۇرقەتىڭدە تاق ئولۇپ تاقەت، بولۇپ بىئىختىيار،
بىر مەكانىدە سەبات ئەيلەپ تۇرالماي داغمەن.
بولسە تاڭ يوق خاتىرىم ئاشۇفتە ئەھۋالىم خەراب،
كاكۇلىڭنى ئۇشلابان جانا ئۆرەلمەي داغمەن.
چىھرەئى زەردىم بىلە سورمە سىرىشك ئالىمى،
كۆزلەرىمنى ئاستانىڭغە سۈرەلمەي داغمەن.
ئۇمرلەر ئەرمانۇ ھەسرەتلەر بىلە قانلار يۇتۇپ،
لەئلى نابىڭنى كۆڭۈل قانىپ سۈرەلمەي داغمەن.
چۇن مۇھەببەت سىررى ئەفشا بولماسۇن دەپ، ئەي پەرى،
زار يىغلاب نالە تارتىپ ئاھ ئۇرالماي داغمەن.

بىر كىچە كۆڭۆلدەكى مەھۋەشنى تاپىپ، ئەي كەمى،
بەزمى جەمشىدۇ فەرىدۇننى قۇرالماي داغمەن.
(«بەياز» 138 ـ بەت)

* *

نامۇ پاكى مىرزا ئەبدۇللاھدۇر،
ھۇسن ئىقلىمىغە گويا شاھدۇر.
ئەرز قىلماقلىق ئاڭا ھاجەت ئەمەس،
ھالى دىلدىن ئۆزلەرى ئاگاھدۇر.
زەررەئى كەتمەس خەيالىمدىن نارى،
قايدە بولسام فىكرەتى ھەمراھدۇر.
قايسى بىر ئەۋسافىنى ئەيلەي بەيان،
دىلبەرۇ ھەم دىلكەشۇ دىلخاھدۇر.
لەبلەرىنىڭ شەھدۇ شەككەر چاكەرى،
يۈزلەرىغە بەندە مىھرو ماھدۇر.
ۋەسلىدەن تەقدىر ئىلە بولدۇم يىراق،
لىكى ھەسرەت دىلدە لەبدە ئاھدۇر.
ئول سىمىنبەرنى خۇدا قىلسۇن ئەمان،
بۇ دۇئا دەردىم مىنى ھەر گاھدۇر.
كەئبەئى ۋەسلىغە يەتكۇر، يا ئىلاھ،
بۇ كەمى قۇللارىنىكىم گۇمراھدۇر.
(«بەياز» 153 ـ بەت)

* *

قايۇ گۇلچىھرە يادى بىرلە ئەفغان ئەتدىڭ، ئەي بۇلبۇل،
ھەزىن ئەۋاز ئىلە دىدىمكى گىريان ئەتدىڭ، ئەي بۇلبۇل.
قەفەسدەكى تىرى ئاھىڭ بىرلە سىنەم چاك ـ چاك ئەيلەپ،

نەۋائى دەردناكىڭلە دىلىم قان ئەتدىڭ، ئەي بۇلبۇل.
سىنى بۇ نەۋئى قايىسى غۇنچە لەب نالان قىلىپ قويدى،
مىنىڭدەك سۆزلەرىڭدە شەرھى ھىجران ئەتدىڭ، ئەي بۇلبۇل.
تەرانەڭدىن سىنى قۇمرىيۇ تۇتى گۆڭۈ لال ئولدى،
بارى قۇشلارنى ئاۋازىڭغە ھەيران ئەتدىڭ، ئەي بۇلبۇل.
ئەگەر بىر گۇل فىراقى بىرلە كۆيگەن بولساڭۇ نىچۇن،
ۋۇجۇدىڭ بۇيلە خاكىستەرغە پىنھان ئەتدىڭ، ئەي بۇلبۇل.
كەلامىڭدۇر مۇئەسسەر ئەسرۇ رۇھ ئەفزا مەگەر دىلغە،
خۇش ئەلھان قارىلاردەك ھىفىزى قۇرئان ئەتدىڭ ئەي بۇلبۇل.
مۇئەززىندەك چىكىپ ئۇن خابى غەفلەتدەن قىلىپ بىدار،
ساڭا رەھمەت مىنى ھەم سۇبھى خىزان ئەتدىڭ، ئەي بۇلبۇل.
زەماندىن ساڭا ئافەت يەتمەسۇن، ئۇمرىڭ دەراز ئولسۇن،
مەكانىمىزنى سەۋتىڭلە گۇلىستان ئەتدىڭ، ئەي بۇلبۇل.
كەمى بىچارەدەك شامۇ سەھەرلەر تىنمايىن بىردەم،
قەيۇ گۇلچىھرە يادى بىرلە ئەفغان ئەتدىڭ، ئەي بۇلبۇل.
(«بەياز» 163 ـ بەت)

* *

ماڭا مەئلۇم بولدى ئاھۇ ئەفغانىڭدىن، ئەي قۇمرى،
يىراق تۇشتۇك مەگەر سەرۋى خىرامانىڭدىن، ئەي قۇمرى.
جۇدا تۇشكەن ئەلەملىكمەن سىنىڭدەك ياردىن مەن ھەم،
ماڭا سۆزلە كۆڭۈلدە بولسە ئەرمانىڭدىن، ئەي قۇمرى.
مىنى كەتتى قەرارۇ تاقەتىم، كۆرگەچ سىنى نى ھال،
فىراقى يارە قىلغان سەبرۇ سامانىڭدىن، ئەي قۇمرى.
قەفەس زىندانىگە بوينۇڭدە غۇليانىن ئەسىر ئولدۇڭ،
مەگەر بىر جۇرم ئىلە ھۆكم ئولدىيۇ جانىڭدىن، ئەي قۇمرى.

كى بىر سەرۋى سىھى قەد ئىنتىزارىن چەكدۈگىڭ مەئلۇم،
سىنۇق رەڭگىڭ بىلە بۇ چەشمى ھەيرانىڭدىن، ئەي قۇمرى.
زەبانىڭدىنكى سۇبھۇ شام زىكرى پۇر ئېرۇر جارى،
ئامان بول يەتمەسۇن ئافەت ساڭا جانىڭدىن، ئەي قۇمرى.
ئەگەر كۆرسەڭ كەمىنىڭ يارى قەددىن بىر يول ئەلبەتتە،
يۇمۇپ كۆزنى كېچەرسەن سەرۋۇ بوستانىڭدىن، ئەي قۇمرى.
(«بەياز» 164 ـ بەت)

* *

فىراقى ھەجرىڭىزى ۋەھمىدىن قارار ئېتەمىز،
ۋىسالىڭىزنى تىلەپ ھەققە ئاھۇ زار ئېتەمىز.
تۆكۈپ فىراقىڭىز ئىچرە سىرىشكى گۇنا گۇن،
دىمەيكى باغۇ چەمەن رەشكى لالە زار ئېتەمىز.
دىمەڭكى غافىل ئېرۇر يادى زىكرۇ فىكرىمدىن،
نەفەسدە يادىڭىزى بىرھەزار بار ئېتەمىز.
كېتىپ قەرار ئىلە ئارام شاش شەھرىندىن،
بېز ئەمدى سۇرئەت ئىلەن ئەزمى ئول دىيار ئېتەمىز.
فىراقىڭىزدە بۇ كۇن ئانچە يىغلاماقلىقدىن،
كۆزىمىز ياشىنى چۇن ئەبرى نەۋبەھار ئېتەمىز.
تەرەھھۇم ئىلە كېلىپ ھالىمىزنى سورساڭىز،
قۇدۇمىڭىزغە ئەزىز جانىمىز نىسار ئېتەمىز.
ئوقۇپ خەتىڭىزى ھەددىن زىياد بولدۇق شاد،
كى ھە ھۇرۇفىنى بىر دۇر دەپ ئىئتىبار ئېتەمىز.
كۆرىڭ مۇھەببەت ئىخلاسىمىزنى سىز، ئەي دوست،
كەلەن خەتىڭىزى جان بويىنىغە تۇمار ئېتەمىز.
خۇدا ۋىسالىڭىزى بىزلەرە نەسىب ئەتسۇن،

کی ئانده هەسرەتۇ غەملەرنی ئاشکار ئېتەمىز.
کەمی غۇلام بولۇپ دوستلار قاتارىنده،
ئالەد ـ دەۋام دۇئاگۇيىنی سۇبھۇ شام ئېتەمىز.
(«بەياز» 236 ـ بەت)

*　*

ئەي لەبىڭ يادىده خۇنی دىل ماگا ئەھمەر شەراب،
نە ئىلاج ئەيلەي، نەسىبىم ئولدىيۇ دىگەر شەراب.
يۇتمىشەم خۇنابەلەر ھەجرىڭده، ئەمدی رەھم ئېتىپ،
مەنگە سۇنساڭ جايىدۇر ھەر لەھزە، ئەي دىلبەر، شەراب.
ۋەسف ئېتەي مەن قايسی بىر ھۇسنۇ جەمالىڭنی سىنی،
ئەي يۈزی جەننەت، قەدی توبی، لەبی کەۋسەر شەراب.
بەزم ئارا ساقی بولۇپ ئىستەر ئىسەڭ ئەيشۇ نەشات،
سىدقی جانىم ئۇزمە بۇ دەۋر ئىچرە جانپەرۋەر شەراب.
خۇن ئىلە زەرداب بولمىشدۇر غىزايۇ شادىمەن،
ئاری شاد ئەيلەر کىشىنی بولسا پۇر زەئفەر شەراب.
ئەيلەسۇن نەقدی سىرىشکىنی نىسارىڭ، ساقىيا،
کىمکی ئىلکىڭدىن مىيىنگدىك بىر قەدەھ ئىستەر شەراب.
نازی ئىتابی کەمی لەب تەشنەيۇ خۇمماردۇر،
ئانچۇنانکىم نۇش ئېتەر گەر بولسە بەھرۇ بەر شەراب.
(«بەياز» 49 ـ بەت)

## مۇۋەششەھی کەمی

ئەي لەتافەت گۇلستانىنىڭ گۇلی،
بۇ گۇلستانىنىڭ ئېرۇرمەن بۇلبۇلی.
مۇلکی ھۇسنە سەنسەن ئانداغ پادىشاھ،

ئۆزگە مەھۋەشلەر قۇلىڭنىدۇر قۇلى،
يەتتى ئەفلاكى سەڭا يەتمەس ھەنۇز،
ئەيلەگەن ئاشىقلارىڭنى غۇلغۇلى.
نازۇ ئىستىغنا تەغافۇل ئەيلەمەي،
نېتى ئەتسەڭ مېھرۇ شەفقەت بىر يولى.
خۇبلىغ بوستانىنىڭ سەرۋى قەدىڭ
خەتلەرىڭ رەيھانۇ زۇلفىڭ سۇنبۇلى.
ئەتمە ئىشقىڭدە مېنى تەئنۇ مەلام،
بول مەجازىدۇر ھەقىقەتنى پۇلى.
نازەنىنا، كۆپ زەمانلاردۇر كەمى،
ئارزۇسىدۇر لەبى لەئلىڭ مۇلى.
(«بەياز» 128 ـ بەت)

## مۇۋەششەھى كەمى

ھالى دىلىمنى، ئەي سەبا، ئەرز ئەيلە ئول جانانىمە،
جانان دېمەي، جاندىن ئەزىز تەن مۇلكىدە سۇلتانىمە.
ئەۋۋەل بارىپ ئۆپ ئاستان، ئاداب ئىلە تۇر بىر زەمان،
سوڭرە غەمىم مۇنداغ بەيان ئەت ئول شەھى خۇبانىمە.
جانىم رەمەققە يەتتى، ئاھ، ھىجرانىدە بىئىشتىباھ،
ئۆلسەم ئەگەر ئول رۇھى ماھ قالغاي مېنىڭ تاۋانىمە.
يوق مەندە ھېچ تابۇ تەۋان، ئاگاھمۇكىن ئول نەۋجەۋان،
ئېردى ماڭا ئارامى جان، مەرھەمى دىل بىريانىمە.
مەستانە كۆزلەرنى سۇزۇپ، ئاندە فەرەھ بەزمىن تۇزۇپ،
مۇندە مېنى كۆڭلۇم بۇزۇپ، رەھم ئەيلەمەسمۇ جانىمە.
رەنجۇ ئەلەم بىرلە ستەم ئول قارا كۆز قاشى قەلەم
قىلمەس نېچۈن بىر زەررە كەم باقماي مېنىڭ دەرمانىمە.
ئەتسۇن ھەزەر ئول دىلرەبا، ئېرمەسمۇ تۇفانى بەلا،
بولدى فەلەك چۈن ئاسيا بۇ دىيدەئى گىريانىمە.

داغى دىلىم ئىزھارىنى، ئىشقىدە جانىم زارىنى،
ئول يارە ئايتسام بارىنى، سەبر ئەيلە دەر ھىجرانىمە.
خۇررەملىغىم غەمگە بەدەل، ھەجرىدە زەھر ئولدى ئەسەل،
باۋەر بولۇرمۇ ۋەھ ئوشۇل لەئلى لەبى خەندانىمە.
ئولسۇن مۇرادى دائىما ھاسىل ئەڭا، دەپ بۇ دۇئا،
بىر مۇژدە ئالىپ، ئەي سەبا، كەلگىل بۇ زۇدى يانىمە.
ناز ئەيلەگەي ئول سەرۋى ناز ئەتسەم كەمى ئەجزۇ نىياز،
دىلدە نىھان سوزۇ گۇداز مەئلۇم ئېرۇر يەزدانىمە.
(«بەياز» 135 ـ بەت)

## مۇۋەششەھى كەمى ئەلەيھەررەھمە

مىنگەچ سەمەندى ناز ئۇزە، كۆرگەنلەر ئايتۇر ئافەرىن،
چەشمى خۇمارىغە باقىپ، مەستانلەر ئايتۇر ئافەرىن.
ۋالە بولۇپ ياشۇ قارى، ئالسا نىقابىن ئول پەرى،
ھۇرۇ مەلەك تەھسىن قىلىپ، ئىنسانلەر ئايتۇر ئافەرىن.
لەئلى لەبىن كەۋسەر دېسەم دۇر، تىشلارىن گەۋھەر دېسەم،
ئۇممانلارۇ ھەم چەشمەئى ھەيۋانلەر ئايتۇر ئافەرىن.
ئەيلەردە گۇلگەشتى چەمەن تەئزىمىنە بىشەكۇ تەن،
سەرۋۇ سەنەۋبەر باش ئېگۇپ بوستانلەر ئايتۇر ئافەرىن.
نەكھەتدە زۇلفى مۇشكى چىن كويى ئانىڭ خۇلدى بەرىن،
كۆرسە ئەگەر ئول مەھجەبىن، غۇلمانلەر ئايتۇر ئافەرىن.
خالۇ خەتى خۇزراسىنى ئول ئارەزى رەئناسىنى،
گۇللار كۆرۇپ ھەيران بولۇپ، رەيھانلەر ئايتۇر ئافەرىن.
ئول قاش، كۆزۇ مۇژگانىغە بولماي مۇقابىل يانىنە،
تىغۇ سىنان ھەم خەنجەرى بۇررانلەر ئايتۇر ئافەرىن.
نەخلى قەدى يادى بىلە كۆزدە سىرىشكىڭ ئەي كەمى،
ئەبرى بەھار ئەيلەپ گۇمان يارانلەر ئايتۇر ئافەرىن.
(«بەياز» 136 ـ بەت)

## مۇۋەششەھى كەمى

ئاھىستە خىرام ئەيلە، جانا،
زىرى قەدەمىڭدە جانى شەيدا.
يوق سەن كەبى خوبرو جەھاندە،
ئەي قاشى قەرا يۈزى مۇسەففا.
سەرۋى سىھى بەندە قامەتىڭغە،
غۇنچە لەبىڭگە، يۈزىڭە رەئنا.
ئەيلەردە خەيالى خالۇ رۇخىڭ،
گەھ نۇر باشىمدە گاھى سەۋدا.
نې قاتىل ئېرۇر نىگاھى چەمەنىڭ،
ئىشق ئەھلىنى قەتل ئېتەر، نىگارا.
خۇبانى جەھان ئەگەرچە كۆپ، لېك،
سەندېك ئەمەس ئول زەرىفۇ دانا.
ئەتسۇن سېنى ھەق زىيادە ئۇمرىڭ،
تۇن ـ كۇن ماڭا بۇ ئېرۇر تەمەننا.
نازۇ ستەمۇ تەغافۇل ئەتمەي،
لۇتف ئەيلە كەمى قۇلىڭغە گاھا.

(«بەياز» 145 ـ بەت)

## مۇۋەششەھى كەمى شاشى

ئارەزىمۇ يا مەھى تابانمۇدۇر،
خەتلەرى سۇنبۇلمۇ يا رەيھانمۇدۇر.
بۇ لەتافەت ئادەمىزاد ئىچرە يوق،
يا پەرى بىلمەمكى يا غۇلمانمۇدۇر.
دامەنى گەردىمۇ يا كۆز سۇرمەسى،
نەقشى پا يا ئەفسەرى خاقانمۇدۇر.

رەۋزەئى ۋەسلىمۇ يا فىردەۋسمۇ،
ئاتەشى دەۋزەخمۇ يا ھىجرانمۇدۇر.
ھۇسنىغە باقغانسارى تويماس كىشى،
يا مەلەك يا ھۇر يا ئىنسانمۇدۇر.
مۇلكى دىل ئالدى سىپاھى زۇلف ئىلە،
زۇلفمۇ يا لەشكەرى ياپانمۇدۇر.
ئەيلەگەي دەشنام چۇن قىلسام دۇئا،
قەھرىمۇ يا لۇتف ئىلە ئىھسانمۇدۇر.
نۇقتەئى جانمۇ ۋەيا كۆز مەردۇمى،
يا سەۋادى خالى ئول جانانمۇدۇر.
خانى تۇركىستانمۇ يا فەرغانەمۇ،
يا ئەمىرى كابۇلۇ ئەفغانمۇدۇر.
ئەيلەرەم دائىم دۇئايى جانىنى،
قىلمايىن ئاشىق دۇئا ئىمكانمۇدۇر.
نەخلى قەددى، سەبزە خەتتى يادىدە،
ئەي كەمى دىيدەڭمۇ يا بارانمۇدۇر.
(«بەياز» 135 ـ بەت)

## مۇخەممەسلەر

ھىجرانىڭىز ئىچرە غەم بۆلەكچە،
ھالىم مېنى دەم ـ بەدەم بۆلەكچە،
يىغلاردە كۆزۈمدە نەم بۆلەكچە،
سىزدە غەزەب، ئەي سەنەم، بۆلەكچە،
ناز ئۆزگەچەۋۇ ستەم بۆلەكچە.

گەرچەندكى كۆپ ئېرۈرلەر ئۇششاق،
مەندەك سىزە يوق ۋەلېك مۇشتاق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ۋەھ، شۇھرەتىڭىز تۇتۇپدۇر ئاپاق،
ئەي قاشۇ كۆزى قارا، يۈزى ئاق،
ناز ئۆزگەچەۋۇ ستەم بۆلەكچە.

يۈز جىلۋە بىلەن خۇررەم ئېتەرسىز،
كەبكى دەرىنى غۇلام ئېتەرسىز،
ئەھبابە جەفا مۇدام ئېتەرسىز،
بىگانەلەرە كەلام ئېتەرسىز،
ناز ئۆزگەچەۋۇ ستەم بۆلەكچە.

سىز كەبى جەھاندە بارمۇ دىلدار،
تەنناز ۇ سەتەڭۇ شوخ رەفتار،
خانىشلەرى خۇبۇ شەھدى گۇفتار،
ھەر كىمكى كۆرۈر بولۇر گىرىفتار،
ناز ئۆزگەچەۋۇ ستەم بۆلەكچە.

ئۆلدۈم سىزى مەن فىراقىڭىزدىن،
كۆيدۈم بەسى ئىشتىياقىڭىزدىن،
قەدىم خەمى قاشى تاقىڭىزدىن،
ئۆپسەم دىسەم ئاق تاماقىڭىزدىن،
ناز ئۆزگەچەۋۇ ستەم بۆلەكچە.

ئېي يۈزلەرى مىھرى ماھى تابان،
ھەر سارىغە بولساڭىز خىرامان،
قالغاي كۆرۈپ ئەلنى چەشمى ھەيران،
بولسۇن سىزى سىدقى يۈز دىلۇ جان،
ناز ئۆزگەچەۋۇ ستەم بۆلەكچە.

بەزمىڭىزە كىمكى بولدى ھەمدەم،
دەرمەن ئانى شاھ خۇسرەۋۇ جەم،
ھەر ئىككى جەھاندە بولماڭىز كەم،
بىزدەك كەمى قۇللەرىنە ھەر دەم،
ناز ئۆزگەچەۋۇ ستەم بۆلەكچە.

(«بەياز» 177 ـ بەت)

## مۇخەممەسى كەمى بەرغەزەلى ئۇزلەت

كۆڭۈلغە نە يوقۇ نە بارىم كېلۇر،
نە يادىمغە خىشۇ تەبارىم كېلۇر،
نە جىسمۇ نە جانۇ نە زارىم كېلۇر،
سەھەردە خەيالىمغە يارىم كېلۇر،
خىرام ئەيلەبان گۇلئۇزارىم كېلۇر.

كىم ئېركىن سەياسەتلە بارىپ كېلەن،
قىلۇر نالەۋۇ زار ئىلە ئەنجۇمەن،
ئېرۇر لەرزەدە خەۋفىدىن جانۇ تەن،
كۆڭۈل مۇلكى ئىچرە تۇشۇپ قوزغالەن،
مەگەر سەھنەئى شەھسەۋارىم كېلۇر.

بولاي خاكى سەھرادەۋۇ تاغدە،
ئولاي خاكى گۇلزار ئارا باغدە،
شەبۇ روز يۇرمەغۇ تۇرماغدە،
ۋىسالى خەيالى تۇشەر چاغدە،
چەمەندەن نەسىمى بەھارىم كېلۇر.

ئېرۇر لازىم ئەشكىمنى ئال ئەيلەسەم،
ئىكى كۆزنى دەريا مىسال ئەيلەسەم،

فىراقىدە قەددىمنى دال ئەيلەسەم،
دىل ئارامى ۋەسلىن خەيال ئەيلەسەم،
كى ئەنقا قۇشىدېك شىكارىم كېلۇر.

مەن ئىشقىدە گەھ شەردە گەھ خەيردە،
گەھى مەسجىد ئىچرە گەھى دەيردە،
ھەۋاسىلە جانىم قۇشى تەيردە،
ئانىڭ رەۋزەسى جەننەتە سەيردە،
كۆڭۈلغە نە مۈلكۈ دىيارىم كېلۇر.

يەتۈشمەككە جانانە ئۈزلەت كەبى،
مەنۇ كۈنجى ۋەيرانە ئۈزلەت كەبى،
كەمى تۈشتى ھىجرانە ئۈزلەت كەبى،
فىراقىدە دىۋانە ئۈزلەت كەبى،
كى بىر يەردە تۇرماققە ئارىم كېلۇر.
(«بەياز» 210 ـ بەت)

## مۇسەددەسلەر

جانا، ئول كۈن كۆرۈپ ئايدەك جەمالىڭ،
ئاندىن بارى خەيالىمدە خەيالىڭ،
ساغىنۇرمەن ھەر دەم شىرىن مەقالىڭ،
گەھى لەبىڭ گەھى رۇخسارى ئالىڭ،
كۆڭلۈم تىلەر كۆرمەك سېنى جەمالىڭ،
مۇيەسسەر ئەيلەسۇن تەڭرىم ۋىسالىڭ.

ھەجرىڭ تىغى بىلەن كۆكسۈم يارالىغ،
بىلدىم ئەمدى يامان ئىكەن جۇدالىغ،
دەردى ئىشقىڭ ئەمەس ئىكەن دەۋالىغ،

www.uyghurkitap.com

ئاشىق ئىشى دائىم رەنجۇ ئەنالىغ،
كۆڭلۈم تىلەر كۆرمەك سىنى جەمالىڭ،
مۇيەسسەر ئەيلەسۇن تەڭرىم ۋىسالىڭ.

ئايرۇ سەندىن، جانا، ھالىم ياماندۇر،
دىلىم قانۇ كۆزۇم ياشى رەۋاندۇر،
رەڭگۇ رويۇم زەغفەراندەك ساماندۇر،
سەنسىز ئىشىم خۇللەس ئاھۇ فىغاندۇر،
كۆڭلۈم تىلەر كۆرمەك سىنى جەمالىڭ،
مۇيەسسەر ئەيلەسۇن تەڭرىم ۋىسالىڭ.

نازەنىنلەر قۇلدۇر شاھى جەھانسەن،
ھۇسنۇ جەمال ئىچرە ھۇرۇ غۇلمانسەن،
مەلەكمۇ سەن بىلمەم ۋە يا ئىنسانسەن،
قىسسە كوتەھ، يىگانەئى دەۋران سەن،
كۆڭلۈم تىلەر كۆرمەك سىنى جەمالىڭ،
مۇيەسسەر ئەيلەسۇن تەڭرىم ۋىسالىڭ.

ئىستەپ سىنى ھەر يان بولدۇم ئەۋۋارە،
جۇدا تۇشۇپ ۋىسالىڭدىن مەكارە،
تەن يارەۋۇ دىللارىمدۇر سەد پارە،
رەھم ئەيلەسەڭ جايىز ئىرۇر مەن زارە،
كۆڭلۈم تىلەر كۆرمەك سىنى جەمالىڭ،
مۇيەسسەر ئەيلەسۇن تەڭرىم ۋىسالىڭ.

ھەر دەم سەندىن كەمى ئۇممىدى شولدۇر،
غايىبانە جەنابىڭغە بىر قۇلدۇر،
مەدھىڭ گۇلزارىدە گويا بۇلبۇلدۇر،

نە پەرۋايى باغۇ سەرۋۇ سۇنبۇلدۇر،
كۆڭلۈم تىلەر كۆرمەك سېنى جەمالىڭ،
مۇيەسسەر ئەيلەسۇن تەڭرىم ۋىسالىڭ.
(«بەياز» 84 ـ بەت)

## ئەندىجانى ۋاقىئەئى ھەيرەت ئەفزا ۋە ھادىسەئى ھۇشرەبا خۇسۇسىدە كەمى شاشىنى ئايتگەن مۇسەددەسى ئەشئارىدىندۇر

تەۋبە دېڭ ئەھبابلار بولدى يەقىن ئاخىر زەمان،
جۇنبىشى يەر بىرلە يەكسان بولدى مۇلكى ئەندىجان،
جۇملەسى بەرباد بولدى مالۇ جانۇ خانۇمان،
زارۇ گىريان قالدىلەر ياشۇ قارى خوردۇ كەلان،
خەۋفدەن بولدى ھەمەنى رەڭگى مىسلى زەئفەران،
بىگۇمان بۇ ۋاقىئە بولدى قىيامەتدەن نىشان،
ئەلئەمان، بۇ زىلزىلە ئافاتىدەن مىڭ ئەلئەمان،
ساقلا ئۆز لۇتفىڭ بىلە، ئەي خالىقى كۇللى مەكان.

تاپمايىن تەسكىن زەمىن جۇنبىش دەۋام ئەتمەكتەدۇر،
ئاھكىم سائەت بەسائەت سۇبھۇ شام ئەتمەكتەدۇر،
تا قىيامەتدىن خەلايىقغە پەيام ئەتمەكتەدۇر،
ياكى ئىسيان ئەھلىدىن بىر ئىنتىقام ئەتمەكتەدۇر،
ئەلئەمان، بۇ زىلزىلە ئافەتىدىن مىڭ ئەلئەمان،
ساقلا ئۆز لۇتفىڭ بىلە، ئەي خالىقى كۇللى مەكان.

ئەندىجان ئەھلىنى ئەھۋالى قاتتىغ بولدى خەراب،
بەئزىلەر نالانۇ ھەيران، بەئزىلەر چەشمى پۇر ئاب،
بەئزى دىل بىريانۇ بەئزىنى جىگەر باغرى كەباب،

ئاچۇ مۇھتاجۇ يالانغاچ قالغان ئەلغە يوق ھىساب،
ئەلئەمان، بۇ زىلزىلە ئافاتىدىن مىڭ ئەلئەمان،
ساقلا ئۆز لۇتفىڭ بىلە، ئەي خالىقى كۇللى مەكان.

ئەندىجان مۇلكى ئەجەب ئافاق ئارا مەشھۇر ئىدى،
خۇشھەۋاۋۇ ھەم فەرەھئەفزاۋۇ كۆپ مەئمۇر ئىدى،
ھەر زەبانىدە كەمالۇ شۇھرەتى مەشھۇر ئىدى،
مالۇ دۇنيا ئەيشۇ ئىشرەت بىرلە ئەل مەغرۇر ئىدى،
ئەلئەمان، بۇ زىلزىلە ئافاتىدىن مىڭ ئەلئەمان،
ساقلا ئۆز لۇتفىڭ بىلە ئەي خالىقى كۇللى مەكان.

يەر يۇتار، ئوتغە كۆيەر، مالىكى بولسا بىزەكات،
تەرك قىلماڭ ھەم يەنە ئەي دوستان، سەۋمۇ سەلاۋات،
فەرزۇ سۇننەتدىن تەجاۋۇز ئەيلەمەڭ قاتتىغ ئۇيات،
خەيرۇ ئىھسانۇ مۇرۇۋۋەتلە چىقارىڭ ياخشى ئات،
ئەلئەمان، بۇ زىلزىلە ئافاتىدىن مىڭ ئەلئەمان،
ساقلا ئۆز لۇتفىڭ بىلە، ئەي خالىقى كۇللى مەكان.

ئەندىجان ئەھلىغە ياران ئەمدى ئىمداد ئەيلەڭىز،
خەستە جان، مەجرۇھ تەنى، غەمكىن دىلىن شاد ئەيلەڭىز،
كۆز ئاچۇپ، ئىبرەت ئالۇپ، بۇ كۇنلەرە ياد ئەيلەڭىز،
كۆرسەڭىز ھەر يەردە بىر ۋەيرانە ئاباد ئەيلەڭىز،
ئەلئەمان، بۇ زىلزىلە ئافاتىدىن مىڭ ئەلئەمان،
ساقلا ئۆز لۇتفىڭ بىلە ئەي خالىقى كۇللى مەكان.

ھۇكمى ھەق بىشەك بىلىڭ ھەر يەرغە مۇنداغ جارىدۇر،
خەۋف ئېتىڭ بۇ ۋاقىئە قەھرۇ غەزەب ئاسارىدۇر،
بەندە دەم ئۇرماق نە لازىم بۇ خۇدانى كارىدۇر،

جۈملەئى جانۇ جەھاننى قادىرۇ قەھارىدۇر،
ئەلئەمان، بۇ زىلزىلە ئاپاتىدىن مىڭ ئەلئەمان،
ساقلا ئۆز لۇتپىڭ بىلە، ئەي خالىقى كۇللى مەكان.

ئەندىجان ئەھلىنى مۇنداغ ھەيرەتئەفزا ھاتەمى،
باشىغە تۇشكەن بەلاۋۇ مىھنەتۇ دەردۇ غەمى،
داغى ھەسرەت قويدى كۆڭلىغە جەمئى ئادەمى،
جۆز رىزاۋۇ سەبرىدىن يوق ئۆزگە چارە، ئەي كەمى،
ئەلئەمان، بۇ زىلزىلە ئاپەتىدىن مىڭ ئالامان،
ساقلا ئۆز لۇتپىڭ بىلە ئەي خالىقى كۇللى مەكان.
(«بەياز» 100 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# مەۋلانا ۋەسلى

## غەزەل

### قىتئە ئىنايەت فەرمۇدەئى مەۋلانا ۋەسلى ئەل مۇدەررىس سەمەرقەندى بەرايى تەيرىخى «ئەرمۇغانى خىسلەت»

تەبئىدىن چىقتى بۇ خوجەستە بەياز،
ئەي گۈزەل دىلرەبا، بەيازى ئوقۇ.
بولدى مەتبۇئى جۇملە ئەهلى تەبئ،
غۇسسەغەدۇر دەۋا، بەيازى ئوقۇ.
موللا تويچىيۇ ۋە مەۋلەۋى خىسلەت،
قىلدى سەرف تىللا، بەيازى ئوقۇ.
خەتتىدۇر خەتتى مەۋلەۋى شەۋكەت،
دەردۇ غەمغە شىفا، بەيازى ئوقۇ.
سورادىم ئاقىلدىن ئەڭا تەرىخ،
دېدى بۇل دىلكۇشا، بەيازى ئوقۇ.
(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 224 ـ بەت)

## مۇۋەششەهلەر

### مۇۋەششەھ دوئىسمەهۇ ئەزمەۋلانا ۋەسلى سەمەرقەندى

مەرهەمەت ئەيلەپ كېلىپ بىر جىسمىمە جان ئەككەلىڭ،
قامەتىمنى يا كۆرۈپ بولمەي گۇرىزان ئەككەلىڭ.
لۇتف ئىلە باشىم ئۈزە كەل، هەر بىرىڭ هالىمنى كۆر،

ئىلتىجالار ئەدۇكىمدە قىلغىل ئىھسان ئەككەلىك.
ئاشىنا بولما زەرۇ سىم ئىستەبان ئەۋ باش ئىلە،
رەسم ئىدۇپ كەسبى سەرف قىل ھىفزى قۇرئان ئەككەلىك.
ئاھكىم ھەر بىر گۈزەل ھۇسنى ئىلى مەغرۇردۇر،
ياشلىك ھەڭگامى بولغىل ئەھلى ئىرفان ئەككەلىك.
ھۇسنى زاھىر گۈستە ھۇسنى باتىنى دەركار ئىرۇر،
نازەنىنلىك ۋەقتىدە بۇل بەھر ئىلە كان ئەككەلىك.
رەشكى غۇلمانۇ پەرىدۇر ھەربىرىنىڭ ئارەزى،
جىلۋە قىلغاي ئىككى ئاي قىلغاندە جەۋلان ئەككەلىك.
ئارزۇيى ئەككەلىك ئەيلەر جەھاندە ھەر كىشى،
مەسنەدى ھۇسنۇ لەتافەت ئىچرە سۇلتان ئەككەلىك.
رازى دىلنى فاش ئىتەر ھەر كىمسە كۆرسە ھەر بىرىڭ،
ئايۇ كۈن بەھەم كۆرەر بولسەڭ خىرامان ئەككەلىك.
قاشلارىڭ خەنجەركەبىدۇر، كۆزلەرىڭ جەللادۋەش،
لەشكەرى مىژگان ئىلە ئاشۇبى دەۋران ئەككەلىك.
لەئلى مەيگۇن ھەسرەتىدە قان يۇتارمەن چۇن ئەقىق،
دەردمەندەم ئەمدى ئەت لۇتفۇ فەراۋان ئەككەلىك.
ياندى كۆڭلۇم نارى ھىجران ئىلە يوقتۇر تاقەتىم،
يارسىز جانسىز كەبى بول مەنگە مىھمان ئەككەلىك.
بۇ غەزەل ھەر مىسرائىغە بىر گۈزەل ئىسمى نىھان،
نەزمى ۋەسلىنى ئوقۇپ بولغان نەمايان ئەككەلىك.
(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 162 ـ بەت)

## مۇۋەششەھى مەۋلانا ۋەسلى سەمەرقەندى

ئارەزىڭ خۇرشىدى تابان كۆزلەرىڭ ئاھۇ كەبى،
ئەقلى تەسخىرى ئۈچۈن نەرگىسلەرىڭ جادۇ كەبى.
باغى رىزۋان نەخلىدىن ياخشى نىھالى قامەتىڭ،

كۆرمەدىم سەرۋى سىھى بۇ قامەتى دىلجو كەبى.
داغدۇر كۆڭلۇم غەمى ھەجرىڭدە جىسمىمدۇر فەراب،
بىچۇتاب ئىلە كۆيۇر ئوت ئىچرە تۇشكەن موي كەبى.
ئارزۇيى ۋەسلىڭ ئەيلەپ يىغلارەم شامۇ سەھەر،
جارى بولدى كۆزلەرىمدىن ئەشكى ھەسرەت جۇ كەبى.
لۇتف ئىلە شاد ئەت دىلىمنى بىر يولى كۆرگۇز ۋىسال،
كۆزلەرىم كۆرسۇن سەفايى ئارەزىڭ كۆزگۇ كەبى.
مەست قىلماس مەي مەنى بىر باقماساڭ، ئەي نۇشى لەب،
بادەلەر بىنەشئە سەنسىز قانچە ئىچسەم سۇ كەبى.
جەۋرلەر قىلدى ماڭا چەرخ، ئەي ستەمگەر، رەھم قىل،
قىلماغىل خۇ زۇلمغە بۇ كەستەئى بەدخۇ كەبى.
ياندى كۆڭلۇم ئاتەشى ئاھ ئىلە، ئەي جان، فۇرقەتىڭ
ئەيلەدى ئاتەشپەرەست ئاخىر مىنى ھىندۇ كەبى.
دائىما سەنسىز ماڭا چۇن سىركە ئاچچىغدۇر شەراب،
چۇن لەبىڭ ئالدىدەدۇر شەھدۇ ئەسەل لىيمۇ كەبى.
خەستە كۆڭلۇم نالەلەر ئەيلەر تەغافۇل دەستىدىن،
قارچىغاي چەڭغە تۇشكەن ناتەۋان تەيھۇ كەبى.
لامەكان ئەبرۇ سىھى قەد ناز ئىلە ھالىمنى كۆر،
بارى فۇرقەتدىن ئىگىلدى قامەتىم ئەبرو كەبى.
نامى پاكىڭ ئىلە بولدى بۇ غەزەل بەك چوق بەند،
شۇل سەبەبدىن بولدى ۋەسلى سەئدىيۇ خاجۇ كەبى.
(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 165 ـ بەت)

## مۇۋەششەھى ئەزمەۋلانا ۋەسلى سەمەرقەندى

مىھرىۋەش بىر نازەنىن ئاشۇفتە ھال ئەتمىش مىنى،
زەررەدەك تەمكىنۇ ئارامىم مەھال ئەتمىش مىنى.
ھۇر يەڭلىغ ئارەزىن بىر كۆرسەتىبان بىر كىتىپ،

www.uyghurkitap.com

ئىشقىدە ھەيران ئىتىپ، كۆزگۇ مىسال ئەتمىش مىنى.
مەستۇ ناز ئىككى كۆزى بىر باقىش ئىلە، ئاھكىم،
ئاشىقى دىۋانەۋۇ مەدھۇشۇ لال ئەتمىش مىنى.
دەردى ئىشقى ئىلەدۇر كۆڭلۇم ھەمىشە دەردمەند،
مۇبتەلايى دەردى ئىشقى لايەزال ئەتمىش مىنى.
كۇلفەتۇ غەمدىن ئەلىفدەك قامەتىم بولدى دۇتا،
چەرخدەك ئىككى پۇكۇب قەددىمنى دال ئەتمىش مىنى.
رەنجى گەردۇن ماڭا يەتمەسمۇ ئىدىكىم ئول يەنە،
تىرى ئىستىغنا ئىلە مەجرۇھى بال ئەتمىش مىنى.
يادى ئەييامىكى ئىردى مەنگە بەك چوق ئاشنا،
بۇ زەماندە قەھر ئىدۇب ساھىب مەلال ئەتمىش مىنى.
مەسنەدى ۋەسل ئۇزرە ئىردىم بەزم چاغى ھەمنىشىن،
ئاھكىم ھىجران ھۇجۇمى پايەمال ئەتمىش مىنى.
جامى مەي ئىلكىمدە ئىردى نوش ئىردىم يار ئىلە،
فۇرقەتىدە كاسە مەي سىنگەن سەفال ئەتمىش مىنى.
ئافتابى ئارەزىگە زەررە يەڭلىغ ئاشىقەم
نەيلەرەمكىم، تەگرى بىسەبرۇ مەجال ئەتمىش مىنى.
نامىنى يارىمغە ئۇممەت يارىمىسغە بەندەئەم،
شۇكرىكىم، ۋەسلى، ئوخان ئەھلى كەمال ئەتمىش مىنى.
(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 166 ـ بەت)

## مۇخەممەسلەر

### مۇخەممەسى مەۋلانا ۋەسلى بەرغەزەلى كەمى

كەل، ئەي يۇسۇف بەدەن جانلەر مەتائى فەرشى راھىڭدۇر،
زىلەيخادەك نەچە قىز، ئەي گۇزەل، مەستى نىگاھىڭدۇر،
ھەزاران پىرى كەنئان ۋەسلىڭ ئىستەب خەيرى خاھىڭدۇر،

ئەزىزى مىسرى خۇبى سەن نەزاكەت ئىززۇ جاھىڭدۇر،
كۆڭۇل بىر قەترە قان بىرلەن مۇرەسسەئ تەختىگاھىڭدۇر.

ئەلا ئەي دىل، ئەجەب يوق ئەرزى مۇئتادىڭغە گەر يەتمەس،
غۇرۇرى ھۇسن ئىلە مەستانە فەريادىڭغە گەر يەتمەس،
تەغافۇل ئەيلەبان زارىئى ناشادىڭغە گەر يەتمەس،
نىگاھى گەرەم ئىلە، ئەي كۆزلەرىم، دادىڭغە گەر يەتمەس،
ئايانىن ئاستىغە تىفلى سەرشىكىڭ تاشلا شاھىڭدۇر.

يۈزۈڭ ياد ئەيلەبان، ئەي گۇل جەبىن، بولدى ئىشىم ئەفغان،
كۆزۈڭنى كۆرمەيۈپ ئاقتى كۆزۈمدىن قەترە - قەترە قان،
باشىڭدىن ئۆرگۈلەي، بىر كېچە بولغىل كۇلبەمە مىھمان،
ساچىڭ يەئنى سىياھ ھۇسن سەردارى كەمەندى جان،
كۆڭۈل مەئمۇرەسىن غارەتگەرى چەشمى سىياھىڭدۇر.

قارىلار ئاشىقىڭ بولدى ئەگەرچە ياش ئىرۇر ياشىڭ،
نە سىرلار فاش بولدى، بولمادىم بىرلەھزە سىرداشىڭ،
لەتافەت سىدرەسىنى جەبرەئىلى رايى كىڭاشىڭ،
نەزاكەت ئاسمانىنىڭ ھىلالى ئوسمەلىك قاشىڭ،
سەباھەت بۇرجىنىڭ بەدرى مۇنىرى رۇخى ماھىڭدۇر.

نىگارىم، مۇلكى ھۇسن ئىچرە ئىرۇر شاھەنشەھى ئادىل،
ئانى فەرمانىدۇر ھەر ئاشىقۇ مەشۇقىغە شامىل،
فەراغەت ئىستەسەڭ، ئەي جان سەرى كويىدە قىل مەنزىل،
ئەگەر ھىجران يۇكىن چەكمەكنى دەئۋا ئەيلەسەڭ، ئەي دىل،
ئاڭا ئىككى پۇكۇلگەن قامەتىڭ ئادىل گۇۋاھىڭدۇر.

www.uyghurkitap.com

گۈلىستان گۈللارى ئەڭ ئولمەيۇر ئۇل مەھجەبىنىمغە،
سالۇر بىر باقىش ئىلە فىتنەۋۇ ئاشۇب دىنىمغە،
ئەجەبكىم مەگزەمەز ھېچ سەرۋ سەرۋ دىلنىشىنىمغە،
مۇئەنبەر خەتتى زىيبا قەد نىگارى نازەنىنىمغە،
نە نىسبەت، ئەي چەمەن، رەئنالىغىڭ چۆبۇ گىياھىڭدۇر.

ئاچىنمە ۋەسلى ھەرفى سەردىلەرنىڭ تەئنەسىدىنكىم،
پەرىشان سۆزلەرى چۇن گەردىلەرنىڭ تەئنەسىدىنكىم،
يېمە ئەندۇھۇ غەم نامەردىلەرنىڭ تەئنەسىدىنكىم،
كەمى ۋەھم ئەتمەگىل بىدەردىلەرنىڭ تەئنەسىدىنكىم،
خەرابات ئەھلى پىرىنى دەرگەھى فەررۇخ پەناھىڭدۇر.
(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 80 ـ بەت)

## مۇخەممەسى ۋەسلى بەرغەزەلى شەۋكەت

بەھەمدىللاھ يۈزىڭ ئايىنەئى گىتى نەما بولدى،
يۈزىڭ كۆرگەچ كۆزىم، ئىشقىڭدە كۆڭلۈم ئاشنا بولدى،
بولۇپ دىۋانە ئاخىر رەسمى دانىشدىن جۇدا بولدى،
قارا زۇلفىڭ تولۇن ئايدەك يۈزۈڭغە ھالە تا بولدى،
مېنىڭ ئۇل دەمدە يارۇق روزگارىم ھەم قارا بولدى.

قىيامەت قايىم ئولغاي راست قىلساڭ ناز ئىلە قامەت،
فىراقىڭ نەقمەتى دەۋزەخ، ۋىسالىڭ نىئمەتى جەننەت،
شەھىدى بىر نىگاھىڭ، ئەي قارا كۆز، بولدى ھەر ئۇممەت،
ئۇلۇس قەتلىغە، جانا، يادىن ئوق چەكمەك ئەمەس ھاجەت،
نىچۇن مىژگاندىن ئوق ئاتماقغە قاشىڭ تۇرفە يا بولدى.

ھەمە ئاشىق قىلۇر سەندىن تەمەننا ھەر تەمەنناسىن،
جەھان ئەھلىنى سەن بىر مەھۋەشى دىلجويى زىيباسىن،
يۈزىڭ كۆرگەن ھەمان گۈل رەشكىدىن چاك ئەتتى ياقاسىن،
قىلۇر ئىبردى چەمەندە سەرۋ نازۇكلىكنى دەئۋاسىن،
قەدىڭ كۆرگەچ، خىيابان ئىچرە خىجلەتدىن دۇتا بولدى.

چەمەننى سەير ئىلە بولمادىم دىلشادۇ خۇررەمكىم،
سەمۇمى ھەجر قىلدى رەۋنەقى ئەيشىمنى بەرھەمكىم،
تامۇغ ئوتىدىن ئارتۇقدۇر ماڭا بۇ ئاتەشى غەمكىم،
قۇرۇق جىسمىم مېنىڭ رەشك ئوتىغە يانماسمۇ ھەر دەمكىم،
سېنىڭدەك مەھۋەشىم ئەغيار ئىلە ئەيشى بەجا بولدى.

ھەمىشە جانۇ كۆڭلۈم ئارەزىڭ كۆرمەككە مايىل،
سېنى ۋەسلىڭنى ئىستەر كېچە ـ كۈندۈز جۇملە ئەھلى دىل،
يۈزىڭ بىپەردە كۆرمەك ماڭا ھەرگىز بولمادى ھاسىل،
ھەرىمى قۇربىڭە مەندەك كىشىنى يەتمەكى مۇشكىل،
كى سۇلتانلار سېنىڭ ئالدىڭدە بىر كەمتەر گەدا بولدى.

دۇئايى جانىڭ ئەيلەپ، كۆككە چىقتى بۇلبۇلىڭ ئاھى،
سەلامەت خاھىڭ ئولدى خەلق بارى ماھى تاماھى،
ماڭا ھەم بىر نەزەر قىل ئەل سارى لۇتىق ئەيلەگۈڭ گاھى،
نىياز ئەھلى قاتارىدە ساڭا، ئەي خۇبلەر شاھى،
ئالەر بىرلە مېنىڭ ھەم كارۇ بارىم ئىلتىجا بولدى.

مۇھەممەد ئۇممەتى تەڭرى تەئالا بەندەسىدۇرسەن،
كى تەختى بەختىنىڭ بىر خۇسرەۋۇ فەرخۇندەسىدۇرسەن،
سەرىرى ھۇسنىنىڭ شاھەنشاھى زىبەندەسىدۇرسەن،
سىپىھرىنىڭ سەئادەت ئەختەرى تابەندەسىدۇرسەن،
شەرەف بۇرجى ئانىڭچۇن ساڭا تۇرمەقلىكغە جا بولدى.

سىنى جىسمىڭ سەزادۇر ساقلاماق گۇل بەرگى تەر ئېچرە،
كۆزۈمغە مەردۇمىڭدەك جايىدۇر تۇرساڭ نەزەر ئىچرە،
يۈزىڭنى پەرتەۋى نۇرى سەفا بەردى بەسەر ئىچرە،
پەرىسەن يا مەلەكسەن، يوقسە مىسلىڭ يوق بەشەر ئىچرە،
نېچۈنكىم كۆرگەن ئەل خۇلقىڭنى ساڭا مۇبتەلا بولدى.

ئەسىرىڭ نېچۈن ئولماي، ئەي ئەمىرى خۇبلار بارى،
قارانغۇ كېچەنى يارۇتتى مىھرى روييڭ ئەنۋارى،
ئۆزىڭ لۇتف ئەيلەكىم ۋەسلىڭ ئۈچۈن ۋەسلى قىلۇر زارى،
سېنىڭ شەۋكەتدىن ئۆزگە يوقدۇرۇر ۋەسلىڭ خەرىدارى،
كىم ئاڭا ھۇسن بازارىدە نەقدى جان بەھا بولدى.
(«بەيازى ھەزىنى» 65 ـ بەت)

# مۇخلىس

## مۇخەممەسلەر

زىھى خۇبلار سەراسى شەمسى رۇخسارىڭگە سەللەمنا،
«ئەلەمنەشرەھ» يۇرەكلىك قەلبى ئەنۋارىڭگە سەللەمنا،
نىگاھىڭ مەھزى رەھمەت چەشمى خۇمارىڭگە سەللەمنا،
قەدىڭدىن سىدقى بولسۇن سەرۋى رەفتارىڭگە سەللەمنا،
قايۇ بىرنى دەيىن باشدىن ئاياغ بارىڭگە سەللەمنا.

تۇفەيلىڭدىن ھەمە شانىڭە نازىل ئاياتى لەۋلاك،
ياراتتى زىينەتىڭ دىپ ئەرش كۇرسىيۇ يەتى ئەفلاك،
ھەبىبى ھەق ئىپرۇرسەن ۋەسفىڭە ئاجىز ئىپرۇر ئىدراك،
تىلەپ ئۇممەتنى ھەقدىن تاڭلا ئازاد ئەيلەسەڭ نى باك،
دىگەيلەر ئەھلى مەھشەر قۇربۇ ئەنۋارىڭگە سەللەمنا.

قۇدۇمىڭ يەرغە تەگدى بولدى ئالەم غەرقەئى رەھمەت،
سۇجۇد ئەتدىڭ خۇداغە ئىپردى ئول دەم مەتلەبىڭ ئۇممەت،
دىدىڭ «ئەلفەقر فەخرى» تەرك ئەيلەپ لەززەتى شەۋكەت،
قەنائەت ئەيلەدىڭ بەتنىڭدە باغلاپ تاش ھەر سائەت،
چىكىپ سەن ئۇممەتىم دەپ رەنجۇ ئازارىڭگە سەللەمنا.

www.uyghurkitap.com

غۇلاغۇل كۆكدىن ئۆتسە گەرم ئۇلۇپ مەھشەرنى بازارى،
ھەمە نەفسىن تىلەپ ئول يەردە قىلسە نالەۋۇ زارى،
ئاداشگەن ئاسىلارغە سەندىن ئۆزگە كىم بىرۇر يارى،
ئوشۇل سائەت پەرىشان ئولسە يۇزغە سۇنبۇلۇك تارى،
ھەمەنى قۇتقارۇر زۇلفى گىرىھدارىڭگە سەللەمنا.

كى ئەبۇ بەكرىنى ھەققىدە سانىيى ئەسنەينى ئىزھۇما فىلغار،
ئۇمەر شەئنىدە ھەق ئايدى ئەشىدەئى ئەلەل كۇففار،
تەرەھھۇم رۇكنىئەن ئۇسمانە نازىل ئەيلەدى غەففار،
كىلىپدۇر بەيتەغۇن فەزلەن بەشەنئى ھەيدەرى كەررار،
بۇ يەڭلىغ رۇتبە تاپگەن تۆرت سۆيەر يارىڭگە سەللەمنا.

ھەمە ئەزۋاجى پاكىڭ بىربىرىدىن تازىيۇ تەردۇر،
خۇسۇسەن فاتىمە ئايىنەدەك سافۇ مۇتەھھەردۇر،
ھەسەن بىرلە ھۇسەيىننىڭ بەھرى نۇرىدىن ئىككى گەۋھەردۇر،
سەھابەڭ كەننۇجۇم رەخشەندە مىسلى ماھى ئەنۋەردۇر،
باشىڭگە چەتر ئولان ئەبرۇ گۇھەر بارىڭگە سەللەمنا.

ئىكى ئالەم ئارا سەندىن بۆلەك دەرىيايى رەھمەت يوق،
بۇ دەريا ئىچرە زۇررىياتىڭدىن ئۆزگە دۇررى قىيمەت يوق،
تەرىقىڭ بىخەتەردۇر كىمكى پەيرەۋ بولدى ئافەت يوق،
قىيامەت كۇن يەنە سىزدىن بۇرۇن ساھىب شافائەت يوق،
ھەمە مۇھتاج ئىرۇر مەھشەردە دىدارىڭگە سەللەمنا.

فۇرۇغى مىھرۇ مەھ خۇرشىدى رۇخسارىڭ زىياسىدۇر،
مۇبارەك گەردى پايىڭ دىدەلەرنى تۇتىياسىدۇر،
قەبۇلى ھەييى ئەكبەر كىمكى شەرئىڭ ئاشناسىدۇر،

كۈشىش ئەت خاتىرىمغە رەۋزەئى پاكىنىڭ ھەۋاسىدۇر،
ئۆپۈپ دەي قەبرى پاكى فەيزى ئاسارىڭگە سەللەمنا.

تۈتار ئالەمنى تۈشسە يەر يۈزىغە شەھپەرى جىبرىل،
ئۇلۇغدۇر جىبرەئىلدىن ئىككى ھەسسە قۇربى مىكائىل،
قىياس ئەت بول مەراتىب فەزلى ئەزرائىلۇ ئىسرافىل،
شەبى مىئراج چاكەر بولدىلەر بىر ئىككى ئۈچ مەنزىل،
يېتەلمەي قالدىلار دەپ سىررۇ ئەسرارىڭگە سەللەمنا.

ئۇلۇپ خارىج ئىكى ئالەمدىن ئۇل شاھەنشەھى ئەئلەم،
مەقامى لى مەئەللاھنى بولۇپ دىدارىگە مەلھەم،
دېدىڭ كۆپ سىرنى مەخفى لەب ئېمەس ئۇل رازىگە مەھرەم،
قىلىپ خىلۋەت ئەراغە بۇ مۇھەببەت رىشتەدىن مەھكەم،
قىلان نازۇ نىياز ئۇل لۇتفۇ گۇفتارىڭگە سەللەمنا.

كى قىلدىڭ بىر زەماندە تەڭرىدىن ئىلم ئۆرگەنىپ رىجئەت،
تەمامى ئاسىغە سەۋغا كەتۈردىڭ نامەئى رەھمەت،
زىھى كەتمەك، زىھى كەلمەك، زىھى مەتلۇب، زىھى شەفقەت،
تىرەي جان رىشتەسىغە نەئتىدىن دۇردانەئى زىينەت،
دېسۇنلەر ئەھلى مەئنى: مۇخلىس، ئەشئارىڭگە سەللەمنا.
(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 124 ـ بەت)

* * *

نە خۇش سۇرەت ئېرۇركىم تىينەتىگە ماۋەتىن مۇھتاج،
ئاياغىن گەردىگە رەيھانى رۇمۇ مۇشكى چىن مۇھتاج،
كەلامىن شەربەتىغە قەندۇ شەھدى شەككەرىن مۇھتاج،

www.uyghurkitap.com

مەنى شاھىم ئىزىغە خۇسرەۋۇ رۇمى زەمىن مۇھتاج،
قارا خالىغە لەئلۇ گەۋھەرۇ دۇررۇ سەمىن مۇھتاج.

فۇرۇغى ئارەزىدىن ئىكتىسابى نۇر ئەيلەر مەھ،
كۆزىن مەردۇملارىدىن كەسبى ئەسۋەد ئەيلەدى سۇرمەھ،
قاشىن سەرخەتىدىن مەشق ئەتتىلەر توغرايى بىسمىللەھ،
لەبىدىن نۇكتە ئايتۇر ۋەقتى تامسە قەترە سۇ ناگەھ،
تەلاش ئەيلەر ئىچەي دەپ قەندۇ قۇرسى ئەنگەبىن مۇھتاج.

بەھارە كەۋسەر ئىچرە يوق ئانىڭدەك بىبەھا گەۋھەر،
ئانىڭ شەئنىدە نازىل بولدى بەلكى سۇرەئى كەۋسەر،
سىفاتى رەھمەتەن لىل ئالەمىندۇر، خەتمى پەيغەمبەر،
ئەقىق كۆرسە لەبىن، دۇر كۆرسە دەندانىن تىلىن شەككەر،
ياقا ئۇشلاپ قىلىپ تەھسىن دېيۇرلەر ئافەرىن مۇھتاج.

ئۇدۇر شاھى ئەۋئەدنا ئىككى ئالەم ئاڭا مەخزەندۇر،
مۇبارە ئىسمى پاكى تۆرت مۇسھەف ئىچرە رەۋشەندۇر،
مەلەك تا ئىنسۇ جىنگە بەلكى ئەۋسافى مۇئەييەندۇر،
بەلەندۇ پەست ئالەم مەھۋەشىمنى خاتىرىدەندۇر،
يولىغە جەننەتۇ كەۋسەر ئىزىغە ھۇرى ئەين مۇھتاج.

نەبىلەر سۇرئەت ئەيلەپ بولماي ئانىڭ گەردىغە ھەمراھ،
ھەمەدىن ئەفزەلۇ ئەشرەف لەقەب ئاڭا ھەبىبۇللاھ،
ئەمىنى ۋەھيى ئۇلۇپ جەبرەئىل بولماي سىررىدىن ئاگاھ،
دەمىگە يۈز مەسىھا رازىگە يۈز مىڭ كەلىمۇللاھ،
يولىغە بەرقى رەفرەف پەيكىغە رۇھىلئەمىن مۇھتاج.

ئىجازەت بولدى بىر شەب ئەمرى ھەقدىن سەيرى گەردۇنغە،
بۇراقىن گەردى بولدى سۇرمەئى چەشم ئاي ئىلە كۈنغە،
نەكىم خالىق دېدى جىبرەئىلدىن ئول تۇشتى مەزمۇنغە،
ئىجابەتسىز ئەمەس قىلغان دۇئاسى زاتى بىچۇنغە،
ئانىڭ بىر غەمزەسىغە نەچچە يۈزمىڭ مەھجەبىن مۇھتاج.

نەسىھەتقە لەب ئاچسە خەلق ئارا شەھدۇ شەكەر سۆزلۈك،
نىگاھى مەھزى رەھمەت ۋەسفى مازاغەل ـ بەسەر كۆزلۈك،
تۇفەيلىدىن ھەمە ئالەم يوق ئېردى زاتىغە ئۆزلۈك،
لىئۇمرىك تاجلىك پەيۋەستە ئەبرۇ ۋەزز ۋۇھا يۈزلۈك،
ئەلەمنەشرەھ يۈرەكلىك شەفقەتىغە ئىنسۇ جىن مۇھتاج.

لەھەددىن باش كۆتەرىپ كۈللى بەنى نەفسى دېيۈپ يۈرسە،
كۆرۈپ ئۆز نامەسىن ئىسيان ئېلى فەريادۇ ئاھ ئۇرسە،
غەزەب ئەيلەپ زەلالەت ئەھلىنى دەۋزەخ سارى سۈرسە،
رىدا بويىنغە سالىپ مۇستەفا ئۇممەت دېيۈپ تۇرسە،
كۆزىن دۇردانەسىغە بەلكى رەببىلئالەمىن مۇھتاج.

مۇھەممەد مۇستەفا نامىغە قۇرسە ئول زەمان تەختى،
تۇرۇپ تۆرت بۇرجىدە تۆرت چارىيارۇ ئورتەدە رەختى،
تەلاتۇم قىلسە رەھمەت بەھرى ھەزرەت يىغلاسە سەختى،
ھەبىبىم دەپ كەلىدى مەغفىرەت ئىنئام ئېتەر ۋەقتى،
نىگاھىغە تەمامى ئەۋۋەلىنۇ ئاخىرىن مۇھتاج.

كۆتەرىپ پەردە زاھىر بولسە ئول كۈن ئەيبۇ نۇقسانىم،
ھەبىبىڭ ھۆرمەتىدىن قىلماغىل شەرمەندە رەھمانىم،

مىسالى مۇرى ئاجىزمەن قولىم تۇتقىل سۇلەيمانىم،
ياسالسە تەختى شەفقەت قىلغالى ئولتۇرسە سۇلتانىم،
يۇزىغە ئەنبىياۋۇ ئەۋلىيالار مىن بەرىن مۇھتاج.

كى قىلدىم نەقدى ئۇمرىم سەرف بىجا راھى مەغرۇرگە،
ئەبەس ئۆتتى مەھۇ سالىم خەيالى ماتەمۇ سۇرگە،
كى ۋەقت ئۆتتى ئەتىببالار دەۋا قىلماسدۇر رەنجۇرگە،
مۇھەممەد ھۇرمەتى، يا رەب، كەرەم قىل جان تەلاشۇرگە،
پەناھ بەر بولسە ئىمانىمغە شەيتانى لەئىن مۇھتاج.

تەمامى تاغلارغە كۇھى ئىسيانىم ئېرۇر ھەمسەڭ،
سەگۇ بۇزىينە بىرلە خوك ئەيلەر سۇھبەتىمدىن نەڭ،
گۇناھىم كىسرەتىدىن ۋەقتى شەفقەت يولدە بولسەم لەڭ،
ئەبۇبەكرۇ ئۇمەر ئۇسمان ئەلى ئىلكىم تۇتۇپ سۆدرەڭ،
ئېرۇرمەن خاكىگىزگە چارىيارۇ نازەنىن مۇھتاج.

ئېشەكدەڭ يال ئاقاردى بار بىرلە بارى تائەت يوق،
كى مەھزى سۇرەتىم سۇرەتكە لايىق پاك سىرەت يوق،
غۇلامكۇندەئىمەن خوجەمغە مەندەن ياخشى خىدمەت يوق،
جەلىلا، يولغە كىرسەم زادى رەھ غەيرەز كەسافەت يوق،
ئېرۇرمەن رەھمەتىڭە يا كەرىمۇلئەكرەمىن مۇھتاج.

تۇتۇپ ئىلكىم خەلاس ئەت مەئسىيەت بەھرىغە ئاقمىشمەن،
قالىپ گىردابى زۇلمەت ئىچرەكىم ھەريانە باقمىشمەن،
يولۇم كۆرسەت سۇ ساقىپ رىڭ تۇفانە ئۇلاقمىشمەن،
نىگارىم رىشتەئى ئىسمىن دۇرى نەئتىگە تاقمىشمەن،
ھەم ئول ئىپگە ئىپتىڭدەڭ مۇخلىسى خاتىر ھەزىن مۇھتاج.
(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 128 ـ بەت)

# مۇقىمىي

مۇھەممەد ئەمىن خوجا مىرزاخوجا ئوغلى مۇقىمىي 1850 ـ يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ قوقان شەھىرىدە كەمبەغەل ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، 1903 ـ يىلى 53 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئانىسى بىبى ئايشە تەربىيە كۆرگەن ئوقۇمۇشلۇق ئايال بولغاچقا، ئوغلىنىڭ ئەتراپلىق تەربىيىلىنىشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن. بىبى ئايشە ئوغلىنىڭ باشلانغۇچ ساۋاتىنى ئۆيدە چىقىرىشىغا يېتەكچىلىك قىلغان. مۇقىمىنىڭ ئەدەبىياتقا بولۇپمۇ شېئىرىيەتكە بولغان ھەۋىسىنى ۋە قىزىقىشىنى ئانىسى ئويغاتقان. كىچىكىدىن ئەقىللىق ۋە تىرىشچان ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھەممەد ئەمىن خوجا دەسلەپتە قوقاندىكى «ھاكىم ئايىم مەدرىسىسى» دە، كېيىن بۇخارادىكى داڭلىق مەدرىسلەردە ئوقۇپ ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ 1876 ـ يىلى قوقاندىكى يەر قۇرۇلۇش مەھكىمىسىدە مىرزىلىق قىلغان. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىقتىسادى قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن قوقاندىكى «ھەزرەت مەدرىسىسى» دە پاناھلانغان، 1887 ـ يىلى تاشكەنتكە بېرىپ رۇس ئەدەبىياتى، شېئىرىيىتى ۋە تارىخى، شۇنداقلا رۇس مەدەنىيىتىنىڭ يېڭىلىقلىرى بىلەن تونۇشقان ھەم تەرەققىيپەرۋەر ئىجادكارلار بىلەن دوستلىشىپ ئىجادىي ھەمكارلىق ئورناتقان. بۇ ھال ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى يېڭى بىر يۆنىلىشكە باشلىغان.

ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخىدا دېموكراتىك يۆنىلىشتىكى

ئەدەبىي ئېقىمنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتقا يۈزلىنىشى مۇقىمىنىڭ نامى بىلەن باغلىق بولۇپ، ئەينى دەۋردە مۇقىمى باشچىلىق قىلغان ئىلغار پىكىرلىك شائىرلار ئۆز ئەدەبىي ھاياتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي ئىجتىمائىي پىكىر تەرەققىياتى تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىپ يېڭى بىر ئەدەبىي ئېقىمنى شەكىللەندۈرگەن.

مۇھەممەد ئەمىن خوجىنىڭ ئىجادىيىتى ياشلىق دەۋرىدىن باشلانغان. ئۇ «مۇقىمى» تەخەللۇسى بىلەن ئىجاد قىلىپ شېئىرىيەتتە ئاجايىپ تالانتىنى نامايان قىلغان ۋە نۇرغۇنلىغان نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ بىزگە قالدۇرغان.

مۇقىمىينىڭ ھاياتى، ئىدىيىسى بىلەن تونۇشۇش، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە قىزىقىش ۋە تەتقىق قىلىش ھەمدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاش ۋە قولىيازما ھەم تاش باسما ھالەتتە ئەل ئارىسىغا تارقىتىش، شائىر ھايات ۋاقتىدىلا باشلانغان بولۇپ، بۈگۈنگە قەدەر داۋاملاشماقتا.

## غەزەللەر

يار ئەگەر لۇتف ئەيلەمەس، جەبرۇ جەفا ھەم قىلماسۇن،
قىلماس ئېرسە ماڭا غەيرىگە ۋەفا ھەم قىلماسۇن.
سۇنبۇلى زۇلفى كەبى ئاشۇفتە ئەيلەپ ھەر نەفەس،
كاكۇلىدەك رۇزگارىمنى قارا ھەم قىلماسۇن،
گەر ئىشتىمەس بولسا باشلاردە فىغانۇ نالەسىن،
گۈل يۈزىن كۆرسەتمەسۇن، بۇلبۇل نەۋا ھەم قىلماسۇن.
دەردۇ غەم ئىشقىدە كۆنكۆندىن فۇزۇنراق بىلمەسە،
بىر مۇسۇلماننى ئۆزىگە مۇبتەلا ھەم قىلماسۇن.
يىغلاماقدىن خىرە بولدىيۇ دىمىش فەرياكىم،
كۆزگە باسقان ئىزلارىنى تۇتىيا ھەم قىلماسۇن.

قۇچماسام نازۇك بېلىدىن بىر يول ئاخىر مۇنچە ھەم،
قامەتىمنى غەم يۈكى بىرلە دۇتا ھەم قىلماسۇن.
گەر كەفى پايىغە قويماقغە مۇناسىپ كۆرمەسە،
يىغلاتىپ كۆز ياشىمى رەڭگى ھىنا ھەم قىلماسۇن.
ياكى بىر ئاخشام كېلىپ ۋەسلىنى بىر كۆرسەتمەسە،
رەڭگى رۇيىمنى بۇ ياڭلىغ كەھرەبا ھەم قىلماسۇن.
كەلمەسە كۆڭۈل سوراپ گاھى مۇقىم ئەغيارسىز،
بۇيلە ئەۋۋەل ئىشق ئوتىن دىللارغا جا ھەم قىلماسۇن.
(«بەياز» 144 ـ بەت)

ئەقلى ھۇش ئۇچتى باشىمدەن ئەي پەرى دىۋانەمەن،
بىر ئىلاجى قىل ئەل ئىچرە بولمايىن ئەفسانەمەن.
دەردۇ سوزۇ ئەشكى ئاھىمنى قىياس ئەت شەمئىدىن،
شامدىن تا سۇبھى دەم ھەجرىڭدە ئۆرتەپ يانەمەن.
ئول زەمانىكىم يىراق ۋەسلىڭدىن ئولدۇم تا بۇ دەم،
ھەر كېچە يادىڭدە مىڭ يول ئۇيقۇدىن ئويغانەمەن.
لەھزەئى زەھرى غەمىڭ يۇتماقدە تاقەت قالمەدى،
نۇش ئېتىپ ۋەسلىڭ مەيىدىن ھەم قەچان بىر قانەمەن.
خامە مۇژگان كۆز قەراسىدىن يازىپ ئەھۋالىمى،
ئەرزەئى قىلدىم ئىشىت مەئيۇسۇ مۇشتاقانەمەن.
ئاھكىم سەنسىز قەرارى سەبرۇ ئارامىم كېتىپ،
بىر يىلان چاقغان كىشىدەك ھەر تەرەف تولغانەمەن.
نەۋبەتى جامىم تولا قۇيكىم كەرەمدىن ساقىيا،
ھە قەدەمدە تا قىلاي يۈز لەھزە شەش مەستانەمەن.
مۇلكى ھىندى، مەرۋىدىن كەلسەم تاپاردىم ئىئتىبار،
شۇل ئېرۇر ئەيىبىم مۇقىمى مەردۇمى فەرغانە مەن.
(«بەياز» 146 ـ بەت)

شىتاب ئەيلەپ يۈرەردە نازۇ ئىستىغنالارىڭ باردۇر،
قايان بارساڭ ئەنىگچۈن شۇرىشۇ غەۋغالارىڭ باردۇر.
ھەمىشە ۋەئدەگە مانىئ چىقار شۇلدۇر گۇمانىمكىم،
توسۇپ يولدىن يۈبەرمەس ئاشىقى شەيدالارىڭ باردۇر.
ئەگەر ئىنساف قىلسام سەرۋى قەدلەر خەيلىدە، جانا،
ئەجەب خىلئەت ياراشقان قامەتى زىيبالارىڭ باردۇر.
باقىپ ئايىنەگە دەركار ئەمەسدۇر سۇرمەلەر قويماق،
قارا ئاھۇ كۆزىدەك نەرگىسى شەھلالارىڭ باردۇر.
خەلاس ئولماق مۇئەنبەر دامى زۇلفىڭدىن ئىلاجىم يوق،
باشىمدە مويى سەردىن ھەم فۇزۇن سەۋدالارىڭ باردۇر.
ئۇرۇلگەن باغى ھۇسنۇڭ ئىشكىدە قۇفامۇ ئالتۇن،
ۋەيا كەمزۇللارىڭدە لەئلىدىن تۇگمەلەرىڭ باردۇر.
نې دەپ رەشك ئاتەشىغە كۆيمەسۇن جانى مۇقىمنى،
مۇدام، ئەي نازەنىن، بىگانەدىن ئاشنالارىڭ باردۇر.
(«بەياز» 147 ـ بەت)

## مۇرەببەلەر

تا ئۈزۈڭنى بەزم ئارا ئەيلەدىڭ،
بىنىھايەت زارۇ شەيدا ئەيلەدىڭ،
قامەتىڭنى سەرۋۇ رەئنا ئەيلەدىڭ،
قۇمرىلەرنى ئاتەش نەۋا ئەيلەدىڭ.

ئەي دىلبەر، ناز ئافەرىن يىگانە،
كۆرمەس ئەمدى سەندەك جەۋان زەمانە،
ئەيلەپ كىيتىپ ھەر ئىشكە بىر بەھانە،
يۈرەك باغرىم ئېزىپ ئەدا ئەيلەدىڭ.

فەتانەتلىك، ئەي ياخشىلار سەرۋەرى،
بەشەرمۇسەن، يا مەلائىك، يا پەرى،
جەفا قىلساڭ كۆپ ئاشىقىڭ دەفتەرى،
نې گۇناھىم مەنگە تەنھا ئەيلەدىڭ.

لەبلەرىڭدىن لەئلى ئەدەن شەرمەندە،
تىشلەرىڭغە گەۋھەر دەريادە بەندە،
كەم بولۇردى گۇل چىھرەلەر خوقەندە،
قايسى باغدىن نەشۋۇ نەمائ ئەيلەدىڭ.

داغدە رەشكى رۇخسارىڭدىن لالەلەر،
تاۋۇس ئەيلەر ئىشقىڭ بىلەن نالەلەر،
خىجالەتدىن ئاي يۈزىدە ھالەلەر،
بۇ مەلاھەت قايدىن پەيدا ئەيلەدىڭ.

ئەۋۋەلىدە چېكىپ ئەندۇھۇ ھىجران،
ۋىسالىڭدىن تابقان چاغىمدە دەرمان،
قىلىپ كاكۇللارنى ھەر يان پەرىشان،
ۋابەستەئى چەندىن بەلا ئەيلەدىڭ.

ۋەسلىڭ ئېردى مۇقىميا مۇرادىم،
تەغافۇلدىن ئىشتمەدىڭ فەريادىم،
يۈز ئۆلدۈرۈپ باز ئۇستىغە جەللادىم،
قاشلارىڭدىن دار بەرپا ئەيلەدىڭ.

(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 176 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

* *

تا ئۆزۈڭنى مەھفىل ئەرا قىلمادىڭ،
ئاشىقلارنى زارۇ شەيدا قىلمادىڭ،
غەيرەز دىلىڭ سەڭكى خارا قىلمادىڭ،
ئۆلدۈم دېدىم، زەررە پەرۋا قىلمادىڭ.

ئەۋۋەلىدە جانا يۈزىڭ كۆرسەتىپ،
ئەبرۇ كەمان مىژگانلاردىن ئوق ئاتىپ،
مەسىھانە جانبەخشلىك ئۈرگەتىپ،
جۈرمىم نېدۈر نەزەر ئەسلا قىلمادىڭ.

تۈشۈپ سانسىز باشلارىمغە ماجەرا،
بىنىھايەت غەمغە بولدۇم مۇبتەلا،
ئەيلەپ كەرەم نەۋبەتىمدىن، ساقىيا،
مەخمۇر ئىدىم مەستۇ سەھبا قىلمادىڭ.

قاشلارىڭغە قۇربان قاشى قارالار،
كەلامىڭغە ھەيران تۈتى ئەدالار،
خۇشتارىڭغە ئەيلەپ ذ    ھەق جەزالار،
ھەرگىز ئەندىشەئى فەردا قىلمادىڭ.

قامەتلەرىڭ سەرۋى باغى نەزاكەت،
لەبلەرىڭدىن مەۋج ئۇرغاي لەتافەت،
ئەي يۇسۇفى تەختى مىسرى مەلاھەت،
يەئقۇبىڭنى دىيدە بىينا قىلمادىڭ.

ئاقشاملارى بەزم ئەيلەشىپ تا سەھەر،
شۇم رەقىبلەر مۇرادىغە يەتتىلەر،

مۇقىمىغا ئەمما ئەيلەپ ۋەئدەلەر،
ۋا دەرىغا، ھېچ بىر ۋەفا قىلمادىڭ.
(«بەيازى ھەزىنى» 98 ـ بەت)

*　　　*

ئەمدى سەندەك، جانا، جانان قايدەدۇر،
يۈزۈڭنى كۆرۈپ گۈل باغدا بەندەدۇر،
ئىشقىڭ ئوتى تاكى جانىم تەندەدۇر،
ئۆزۈم ھەر جايدەمەن كۆڭلۈم سەندەدۇر.

مېھرىڭ ئوتى تاكى تۇشتى جانلارگە،
پەرۋايىم يوق زەررە خانۇمانلارگە،
لالە كەبى تولۇپ بەغرىم قانلارگە،
ئۆزۈم ھەر جايدەمەن كۆڭلۈم سەندەدۇر.

ئەرتەۋۇ كېچ فىكرۇ زىكرىم خەيالىڭ،
بىر سورمادىڭ نېلەر كەچتى ئەھۋالىڭ،
ئەسلەرىمغە تۇشۇپ شىرىن مەقالىڭ،
ئۆزۈم ھەر جايدەمەن كۆڭلۈم سەندەدۇر.

ۋاقىف ئېرمەس كىشى سىنى ئەسلىڭدىن،
تاكىم دېسەم پەرى سىنىڭ نەسلىڭدىن،
ۋا دەرىخا جۇدا بولدۇم ۋەسلىڭدىن،
ئۆزۈم ھەر جايدەمەن كۆڭۈلۈم سەندەدۇر.

يوق سەن كەبى مەلاھەتلىك يىگانە،
كۆرگەيمەنمۇ ۋىسالىڭنى زەمانە،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكى ئادرېسى

بولۇپ خەلق ئىچىندە مۇنداق ئەفسانە،
ئۆزۈم ھەر جايدەمەن كۆڭلۈم سەندەدۇر.

سۇلتانىسەن بارچە خۇبلار نەدىمىڭ،
دائىم ئىبرەدى دۇئاگويى قەدىمىڭ،
باۋۇجۇدى سورماي ئۆتىدىڭ مۇقىمىڭ،
ئۆزۈم ھەر جايدەمەن كۆڭلۈم سەندەدۇر.
(«بەياز» 65 ـ بەت)

* *

تاكىم جانا جىلۋە بۇنياد ئەيلەدىڭ،
ئاشىقلىقنى ئۆزىڭ ئىجاد ئەيلەدىڭ،
ئىشلارىڭنى جەۋرۇ بىداد ئەيلەدىڭ،
كۆزلەرىڭنى مۇنداغ جەللاد ئەيلەدىڭ.

قىلماي كەتدىڭ ھەرگىز ۋەسلىڭغە ۋاسىل،
مۇددىئالەر ئىتەر بىر بولسا ھاسىل،
ئاشنالارگە ئەيلەپ نازۇ تەغافىل.
بىگانەلەر كۆڭلىن ئاباد ئەيلەدىڭ.

بۇلبۇل قىلۇر گۇل يۈزۈڭغە نەۋالار،
سۆزلەرىڭغە بولۇر تۇتى ئەدالار،
قۇمرى سايراپ ئىنگە بولماس شەيدالار،
قامەتىڭنى سەرۋى ئازاد ئەيلەدىڭ.

گەرچەند ئۆتۈپ سورماساڭ ھەم زەمانلار،
تىلەي بولساڭ ھەر يەردە بول ئەمانلەر،

بىر دېمەدىڭ لېكىن قىلدىم قىغانلەر:
«دەردىڭ نېدۇر مۇنچە فەرياد ئەيلەدىڭ؟»

دائىم نىھان بولۇپ ئەلدىن كەنارە،
يوللارىڭدە يىغلاپ تۇردۇم دۇ بارە،
رەھم ئەيلەمەي قىلماي ئۆتدىڭ نەزارە،
مەگەر قاتتىغ دىلنى فۇلاد ئەيلەدىڭ.

خەلق ئىچىندە بەسى بولدۇم ئەفسانە،
چۇغز يەڭلىغ سورسە جايىم ۋەيرانە،
گاھى خۇد مەن گاھى بىخۇد دىۋانە،
ھەر نې قىلدىڭ سەن پەرىزاد ئەيلەدىڭ.

ئۆزگەلەرنى ھەر دەم مەستى جام ئەيلەپ،
مۇقىمىنى رۇزگارى شام ئەيلەپ،
بىر باقىشدە كۆڭۇل قۇشىن رام ئەيلەپ،
چەشمىڭ مەردۇملارىن جەللاد ئەيلەدىڭ.
(«بەياز» 66 ـ بەت)

* *

جانا، ئول كۇن ئەزم دىيار ئەيلەدىڭ،
كېلۇرمەن دەپ كۆپ ئىنتىزار ئەيلەدىڭ،
دۇدى ئاھىم تۇرفە شەرار ئەيلەدىڭ،
بىۋەفالىك ئەجەب شىئار ئەيلەدىڭ.

يوللارىڭدە، ئەيا شىرىن شامايىل،
تۇرۇب ئېردىم رەقىب بىلەن مۇقابىل،

ماشا باقماي ئۆتۈپ نازۇ تەغافىل،
لۇتفۇ كەرەم ئەلغە ئىزھار ئەيلەدىڭ.

قىلدىڭ سەفەر رۇزە ئىچرە ئەزم ئەيلەپ،
كېلۇرمەن دەپ ھەيتغەچە خىرام ئەيلەپ،
كىملەر بىلەن ئەخشاملارى بەزم ئەيلەپ،
كۇندۇزلەرى سەيرى بازار ئەيلەدىڭ.

كەلگەنىڭدە، ئايا ماھى تەبانىم،
قالمىش ئىردى دىللارىمدە ئەرمانىم،
ئىشىتمەسەڭ ئاخىر مۇندغ ئەفغانىم،
ئەۋۋەلىدە نىگە خۇشتار ئەيلەدىڭ.

ئەي نازەنىن، ئاشىقلارىڭ سانى يوق،
كېلگىل، ساڭا مەندەك قەدىردانى يوق،
بىر كۆرەرغە مۇشتاقمەنۇ جانى يوق،
ئايىنەنى مەھۋى دىدار ئەيلەدىڭ.

ئەرتەۋۇ كېچ ئەسدىن چىقماس خەيالىڭ،
جىلۋە ئەيلەپ نەزەرلەردە مىسالىڭ،
مەست ئىگەنمەن بادەسىدىن ۋىسالىڭ،
تاشلاپ كېتىپ ئەمدى ھوشيار ئەيلەدىڭ.

ۋا دەرىغا، قىلماي ئەھدىڭگە ۋەفا،
جۇدالىغنى كۆردىڭ رەھىم ئەتمەي رەۋا،
ھەسرەتىڭدە ئەلقىسسەكىم دىلرەبا،
مۇقىمىينى دىيدە خۇنبار ئەيلەدىڭ.

(«بەياز» 68 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com

## مىسكىن

موللا قوشاق تاشمۇھەممەد ئوغلى 1880 ـ يىلى تاشكەنتتە تۆمۈرچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 12 يېشىدا «مىسكىن» تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن تۆمۈرچىلىك، ناۋايلىق، باققاللىق بىلەن شۇغۇللانغان.

مىسكىننىڭ غەزەل، مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇسەددەس، رۇبائى قاتارلىق لىرىك شەكىللەردە يازغان ئەسەرلىرى جەملىنىپ توپلام قىلىنغاندىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئەسەرلىرى «ئەرمۇغانى خىسلەت»، «سوغاتى خىسلەت»، «بەيازى مۇھەللا»، «سوغاتى سىدقىي»، «بەيازى ھەزىنى» قاتارلىق توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن ۋە «شۆھرەت»، «تۈركىستان ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى»، «سەدائى تۈركىستان»، «تۇران» گېزىتلىرى ھەم «مائارىپ ۋە ئوقۇتقۇچىسى»، «يەر يۈزى» ژۇرناللىرىدا ساقلانغان.

## غەزەللەر

گۇنەھ مۈلكىدە يوق مەندېك ئەسىرى ناتەۋان، يارەب،
ھىدايەت قىلماساڭ تاڭلا بولۇر ھالىم يامان، يارەب.
ئەجەب دەرماندەۋۇ بىمۇتەكا بەختى قارادۇرمەن،
بۇ غۇربەت ئىچرە سەندۇرسەن ماڭا بىر مېھرىبان يارەب.
جەھانە كەلدىمۇ ھەرگىز ئىبادەت قىلمايىن سەنگە،

كەچۈردۈم ماھۇ سالىمنى گۇنەھ بىرلە چۇنان، يا رەب.
يىگىتلىك فۇرسەتىدە قىلمادىم ئاھۇ نەدامەتلەر،
نە سۇد ئەمدى قارىپ كۆڭلۈم چېكەر دادۇ فىغان، يا رەب.
ئۇشۇل رۇزى جەزادە قىلماغىل شەرمەندە مىسكىننى،
بەھەققى سەيىيدۇل كەۋنەين رەسۇلى ئىنسۇ جان، يا رەب.
(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 160 ـ بەت)

* *

مەھۋەشا ھەرەمدىن چىق ئارەزىڭ نەمايان قىل،
ئايۇ كۈننى خىجلەتتىن ئەبر ئىچىغە پىنھان قىل.
ھۇسنۇ قەددۇ چەشمىڭنى كۆرسەتىپ چەمەن ئىچرە،
گۇلۇ سەرۋۇ نەرگىسنى رەشك ئوتىغە سۇزان قىل.
مەھۋى ناز ئېتەر بولساڭ ئاشىقى ھەزىنلەرنى،
تاشلە كاكۇلۇڭ، جانا، ھەر تەرەف پەرىشان قىل.
دام ئېتىپ قارا زۇلفىڭ يۇزغە دانە خال ئەيلەپ،
جان قۇشىن ئىلىنتۇردىڭ كەلغىل ئەمدى قۇربان قىل.
جان ئالۇر ئىسە قەسدىڭ ساڭا تىغ ئەمەس ھاجەت،
بىر نىگاھ ئېتىپ، ئەي شوخ، غەمزە بىرلە ئاسان قىل.
ئۇشبۇ جانى قىمەتنى بىر ئۇپۇشكە تەڭ ئەتمە،
سەن ھەم ئەمدى، ئەي جانا، بۇسە نەرخىن ئەرزان قىل.
نالەلەر قىلۇر تاكى مىسكىنى فىراقىڭدە،
لۇتف ئېتىپ ئانى ھەر كۈن ۋەسل ئۆيىغە مىھمان قىل.
(«ئەرمۇغانى خىسلەت» 27 ـ بەت)



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ھۆۋەيدا

خوجا نەزەر غايىب نەزەر ئوغلى ھۆۋەيدا 18 ـ ئەسىردە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتى مۇنبەرىدىكى يىرىك نامايەندىلەردىن بىرى. ھۆۋەيدانىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرۇلۇق قولىمىزدا تولۇق مەلۇمات يوق، ئەمما ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «دىۋانى ھۆۋەيدا چىميانى» ۋە «راھەتى دىل داستانى» ھەم قوليازما ۋە تاش باسما ھالەتتىكى شېئىرى پارچىلاردا قەيت قىلىنغان مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ تۆۋەندىكى خۇلاسىگە كېلىمىز.

ھۆۋەيدانىڭ دادىسى غايىب نەزەر ئىشان ئوش شەھـــــرىدە (ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ ئوش شەھىرى) تۇغۇلغان بولۇپ، شۇ يەردە ئۆسۈپ يېتىلگەن. قەشقەرگە كېلىپ ئاپاق خوجا ھۇزۇرىدا بولغان ۋە ئاپاق خوجىغا مۇرد بولغان، كېيىـــن ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە ۋىلايىتىدىكى چىميان دېگەن يېزىغا كېلىپ ئولتـــۇراقلاشقـــان ۋە مەسچىت ھـــەم خـــانىقـــالار بىنا قىلىپ، تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ مۇرىد تەربىيىلىگەن، شۇنداقلا بىر ئۆمۈر خەير ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. غايىب نەزەر ئىشاننىڭ ئوغلى ھۆۋەيداغا «خوجانەزەر» دېگەن ئىسمنى قويۇشى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بىر ئۆمۈر تەرىقەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلـــى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىشان غايىب نەزەر خوجىنىڭ ئۆز ئوغلىغا «خوجانەزەر» دېگەن ئىسمنى لايىق كۆرۈشى ھۆۋەيداغا ئاپاق

خوجىنىڭ نەزىرى چۈشكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىمىز ۋە ھۇۋەيدا بەلكى قەشقەردە تۇغۇلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن دېگەن گۇمانى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

ھۇۋەيدا بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىللىرىدە چىمىياندىكى مەدرىسىلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان بولۇپ ئانا تىلىنى ناھايىتى پىششىق بىلگەندىن سىرت ئەرەب، فارس تىللىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن ۋە بۇ ئارقىلىق شەرق مۇسۇلمان ئەدەبىياتىنى بىرلىپ تەتقىق قىلغان. ئۇ «ھۇۋەيدا» (ئوچۇق، ئېنىق، ئاشكارا، يورۇق) ياكى «ھۇۋەيدا چەميانى» (چىميانلىق ھۇۋەيدا) دېگەن تەخەللۇسلار بىلەن كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان لىرىك شېئىر ۋە چوڭقۇر پەلسەپەۋى ھەم دىداكتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ئېپىك شېئىرلارنى ئىجاد قىلغان، ئۇ يەنە مەكتەپ ئېچىپ مۇدەررىسلىك قىلىپ تالىپلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئىشى بىلەنمۇ مەشغۇل بولغان. 1780 ــ 1781 - يىللىرى ئەتراپىدا ۋاپات بولغان.

## غەزەللەر

ئەرزىمنى ئايتاي شاھىم ئېشىتكىل،
مىسكىن گەدامەن دادىمغە يەتكىل،
قىلساڭ يىراقراق مۇندە ئۆزىڭدىن،
ۋەسلىڭ سارىغە ئاندە ياۋۇتكىل،
جان ئاچچىغىنى بىلمەي، نىگارىم،
ۋەقتى ئۆلەردە ئالدىمدىن ئۆتكىل،

سەندىن ئايرىغان دۇنيايى مەككار،
كۆڭلۇمنى ئاندىن ئەمدى ساۋۇتكىل،
ئەي پادىشاھىم، قاچقان قۇلۇڭمەن،
ئەيلەپ تەرەھھۇم ئالدىڭە تارتكىل،
سەندىن بۆلەكنى ھەرگىز دىمەسمەن،
ۋەللاھى بىللاھ. سۆزۈمغە بىتكىل،
مىھمانىڭ ئولدى بۇ تۈن ھۇۋەيدا،
كۆڭلىنى ئاۋلاپ ياخشى كۆزەتكىل.
(«بەيازى ھەزىنى» 69 ـ بەت)

*   *

ئەرزىمنى ئايدىم بادى سەباغە،
يەتكۈرسە ھالىم ئۇل دىلرەباغە.
قىلسە خۇدايىم كۆڭلىن مۇلايىم،
رەھىم ئەيلگەيمۇ مەن مۇبتەلاغە.
قىلغايمۇ خەيرىن ئۆز قولى بىرلە،
بارسام كويىغە مىسكىن گەداغە.
دىدى رەقىبلەر يارغە يامانلاب،
سالدى جۇدالىغ نەيلەي ئاراغە.
ئاھىم ئىشىتسۇن ھالىمنى سورسۇن،
بىر رەھىم قىلسۇن مەن بىنەۋاغە.
ئىزلەب تاپالماي ھەسرەت قىلالماي،
كۆڭۇل ئۆزەلمەي قالدىم بەلاغە.
ئىشقىدە جانىم قىينالغاندىن،
ئاھۇ فىغانىم چىقماس سەماغە.
ھەر كىچە بىدار ئۇمىدى دىدار،
ئەيلەپ مەنەم زار ئۇل بىۋەفاغە.

www.uyghurkitap.com

يارىم قاياندۇر ئەشكىم رەۋاندۇر،
ھەركىم ياماندۇر سالدىم خۇداغە.
خەيلى رەقىبان بولدى فەراۋان،
مەن زارۇ ھەيران رازى قەزاغە.
كۆڭلۇمدە يوقدۇر زەررە گۇمانىم،
كىمكى ياماندۇر سالدىم خۇداغە.
ھالىمنى ئايتسام يارىم ئىنانماس،
ئەمدى قويۇپمەن يەۋمۇل جەزاغە.
يارسىز كىشىنى پەرۋاسى يوقتۇر،
سۆيدۇم سەنەمنى قالدىم بەلاغە.
دۇشمەنكەرىنى نازۇ نەئىمدە،
پەرىۋەش ئەيلەپ سالدى غىناغا.
دوستىنى يارىم رەنجۇ ئەلەمدە،
قويدى ئەل ئىچرە جەۋرۇ جەفاغە.
مىسكىن ھۇۋەيدا سەبرۇ تەھەممۇل،
ئەيلەپ ھەمىشە يىغلار خۇداغە.

(«بەيازى ھەزىنى» 79 ـ بەت)

## مۇسەممەن

ئەي نازى قەلەمرۇينى شاھى،
ئىقلىمى كەرەشمەئى خەم كۇلاھى.
جەۋرىڭدە مەن گەدايى راھى،
ئەھۋالىنى ئەيلەدىڭ تەباھى.
چىقتى فەلەك ئۈزرە دۇدى ئاھى،
سەنسەن بۇ جەھاندە دادخاھى.

ئار ئەتمە ئەسىرى مۈبتەلادىن،
دەردىڭ بىلە تۈنۈ كۈن ئاشنادىن.

ئەي زۈلفى بىنەفشە خەتتى رەيھان،
جەۋرۇ ستەمىڭدە باغرىمىز قان.
خار ئىلكىدە چاكدۇر گىرىبان،
غەم شامىدە بۈلبۈلۈم خۇش ئەلھان.
چۈن تۈتىئى زار شەككەرىستان،
مۇشتاقى لەبىڭدە دېرمەن، ئەي جان:
ئار ئېتمە ئەسىرى مۈبتەلادىن،
دەردىڭ بىلە تۈنۈ كۈن ئاشنادىن.

بۇ گەردىشى دەۋرى زالى گەردۇن،
جامى تەرەببىمنى قىلدى ۋاژۇن.
چەشمىڭ فەتتانىلە زارۇ مەفتۇن،
فىكرى زەنەقىڭلە بەختى ۋاژۇن.
زۇلفۇڭ سىياھى ئىلە كۈنۈم تۈن،
يادى دەھەنىڭلە ئۆلدۈم ئەكنۇن.
ئار ئەتمە ئەسىرى مۈبتەلادىن،
دەردىڭ بىلە تۈنۈ كۈن ئاشنادىن.

سەن مىھرى سىپىھرى ئىلى سىما،
مەن ھەجرۇ غەمىڭدە ناشكىبا.
سەن گۈلشەن ئارا بەھارى ھىرا،
مەن نەرگىس ئاڭا قىلان تەماشا.
سەن خۇسرەۋۇ مەسنەدى تەمەننا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئار ئەتمە ئەسىرى مۇبتەلادىن،
دەردىڭ بىلە تۈنۈ كۈن ئاشنادىن.

سەن دىلبەرى قىرمىزى قەباپۇش،
مەن خۇنى دىلىم بىلە ھەم ئاغۇش،
سەن جان قولۇڭدە مەي قىلىپ نۇش،
مەن رەشك قىيالە مەستۇ مەدھۇش،
سەن غەيرى سۆزىنى ئەيلەيۇپ گۇش،
مەن شىفتەنى قىلان فەرامۇش.
ئار ئەتمە ئەسىرى مۇبتەلادىن،
دەردىڭ بىلە تۈنۈ كۈن ئاشنادىن.

تا ۋالەئى سەرۇ سەر بەلەندەم،
قۇمرى كەبى زارۇ دەردمەندەم.
خۇنخۇردەئى لەئلى نۇش خەندەم،
ئىشق ئۇتىغە گويىيا پىسەندەم.
فۇرقەت بىلە نىچە مۇستەمەندەم،
زەنجىرى جۇنۇنىغە پايى بەندەم.
ئار ئەتمە ئەسىرى مۇبتەلادىن،
دەردىڭ بىلە تۈنۈ كۈن ئاشنادىن.

رايىڭ نەقەدەركى ناز ئىلە خو،
تۈتمىشدۇرۇر، ئەي نىگارا، مەھرۇ.
مەن داغنى نىياز ئارا كەماھۇ،
ئايىنى ۋەفادىن ئولمەن ئايرۇ.
يۈز جەۋرىدە گەر سىپىھرى مىنۇ،
ھەم جانغە يەتۈرسە تىغى ئەبرۇ.

ئار ئەتمە ئەسىرى مۇبتەلادىن،
دەردىڭ بىلە تۇنۇ كۈن ئاشنادىن.

ھەسرەت بىلە جىسمى ناتەۋانىم،
يەنجىلدى جۇرمۇ چىقىپ فىغانىم.
كۆز مەنزەرى ئۇزرە مىھمانىم،
مانەند تەنىم ئىچىدە جانىم.
ئەي تەختى ۋۇجۇھدە كامانىم،
ھاشا ئولسە غەيرى مىھرىبانىم.
ئار ئەتمە ئەسىرى مۇبتەلادىن،
دەردىڭ بىلە تۇنۇ كۈن ئاشنادىن.

كويۇڭدە ئىبرۇر گەدا ھوۋەيدا،
سۇلتانى سەرىرى جا ھوۋەيدا،
ۋەسلىڭ تەلەبىدە تا ھوۋەيدا،
ئۆزلۈكنى قىلان فەنا ھوۋەيدا،
شەۋقىڭ بىلە ئاشنا ھوۋەيدا،
زەۋق ئەھلىغە مۇقتەدا ھوۋەيدا،
ئار ئەتمە ئەسىرى مۇبتەلادىن،
دەردىڭ بىلە تۇنۇ كۈن ئاشنادىن.
(«بەيازى ھەزىنى» 73 ـ بەت)

www.uyghurkitap.com

# سۆزلۈك

## ئا

**ئابدار** — سۇلۇق؛ سۇغىرىلغان؛ تاۋلانغان؛ پارقىراق.

**ئابى ھەيۋان** — ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى سۇ، ھاياتلىق سۇيى.

**ئادا** — ئاپەت، بالا - قازا؛ ئارال، چۆل، جەزىرە.

**ئاداب** — ئەدەپلەر.

**ئارا** — جىلۋە، جۇلا؛ زىننەت، بېزەك؛ بېزىگۈچى، زىننەتلىگۈچى.

**ئارايىش** — پاراۋانلىق؛ پەرداز، زىننەت، بېزەك.

**ئارەز** — يۈز، جامال، چىراي؛ يۈز بەرگەن، كۆرۈلگەن، ھاسىل بولغان؛ ئەرز قىلغۇچى، دەرد تۆككۈچى.

**ئارىف** — بىلگۈچى، تونۇغۇچى.

**ئازۇردە** — كۆڭلى ئاغرىغان، رەنجىگەن، دىلى ئازار يېگەن.

**ئاسا** — كەبى، ئوخشاش، . . . دەك، . . . تەك؛ تىنچلاندۇرغۇچى، راھەتلەندۈرگۈچى.

**ئاسار** — يالدامىلار، ئاسار ئەتىقىلەر، ئەستىلىكلەر.

**ئاستانە** — بوسۇغا، ئىشىك؛ ساراي؛ پايتەخت.

**ئاسىيا** — تۈگمەن؛ چۆرگىلىمەك، پىرقىرىماق.

**ئاسىيان** — ئىسيانچى، توپىلاڭچى؛ گۇناھكار، ئازغۇن؛

**ئاشۇفتە** — ھودۇققان، ھاياجانلانغان؛ پەرىشان بولغان؛ ئاشىق؛ تارقاق، توزىغان.

**ئاشيان** — ئۆي، ماكان، ئۇۋا.

**ئاغاز** ـــ باشلاش، باشلىنىش، باشلامچى.
**ئاغۇش** ـــ قۇچاق، باغىر؛ قوللاش.
**ئافاق** ـــ دۇنيا؛ ئۇپۇقلار.
**ئال** ـــ قىزىل، هال؛ ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداش؛ خاندان.
**ئال ئەبا** ـــ يۇڭدىن توقۇلغان قىزىل تون.
**ئالۇد** ـــ ئارىلاش، بۇلغانغان.
**ئامادە** ـــ تەييار، تەييارلانغان.
**ئامى** ـــ بىلىمسىز، ساۋاتسىز.
**ئانچۇنان** ـــ شۇ قەدەر، ئىنتايىن.
**ئاهى سەرد** ـــ سوغۇق نەپەس، ئۇه تارتىش، ئاه ئۇرۇش.
**ئاۋارە** ـــ سەرسان، سەرگەردان، ئىگە ـ چاقىسىز.
**ئايىن** ـــ ئادەت، قائىدە، نىزام؛ رەۋىش، ئەرىز، ئۇسۇل؛ مۇراسىم؛ ئوخشاش، كەبى.
**ئايىنە** ـــ ئەينەك، كۆزكۇ.

## ئە

**ئەبتەر** ـــ قىسقا؛ قۇيرۇقى كېسىلگەن؛ نەتىجىسىز؛ ناچار، ئەرزىمەس؛ كالتە قۇيرۇقلۇق يىلان.
**ئەبر** ـــ بۇلۇت.
**ئەبرار** ـــ پاك، گۇناھسىز، توغرا ئادەم؛ تەقۋادار، دىندار.
**ئەبرو** ـــ قاش؛ ياي.
**ئەبلەھ** ـــ ئەخمەق، دۆت، دىتسىز.
**ئەبنائ** ـــ بالىلار؛ ئوغۇللار.
**ئەجزائ** ـــ پارچىلار، بۆلەكلەر، قىسىملار، تەركىبلەر.
**ئەجۇبە** ـــ ئاجايىپ، ئەجەبلەندۇرگۇچى.
**ئەدەم** ـــ يوق، يوقلۇق؛ نابۇت بولۇش، ئۆلۈم.
**ئەدل** ـــ تەڭ، باراۋەر.

ئەدىم — يوق بولغان، مەۋجۇت ئەمەس، مۇمكىن بولمىغان.
ئەدۇ — دۈشمەن، رەقىب، ياۋ.
ئەرباغ — كۆز بويىماق، ئالدامچىلىق، سېھىر، ئۆزگىچە رام قىلماق.
ئەرەسات — مەيدانلار.
ئەرەق — تەر، نەم؛ هاراق.
ئەرجۇمەند — قەدىرلىك، هۆرمەتلىك، ئېسىل، ئەزىز.
ئەرز — يەر.
ئەرسە — مەيدان.
ئەرغەۋانى — قىزىل.
ئەرمۇغان — تۆهپە، هەدىيە، تارتۇق.
ئەرۇس — توي، يېڭى تويى بولغان قىز.
ئەزۋاج — خوتۇنلار، جۈپلەر.
ئەزىم — نىيەت، قارار، كۆڭلىگە پۈككەن، قەست.
ئەسبىتازىيلەر — ئەرەب ئاتلىرى، ئەرەبىستان ئاتلىرى.
ئەسرار — سىرلار، يوشۇرۇن ئىشلار، مەخپىيەتلىكلەر.
ئەسرۇ — كۆپ، نۇرغۇن؛ ناهايىتى، ئىنتايىن.
ئەسفەر — سېرىق.
ئەسهاب — ساهابىلەر، سۆهبەتداشلار، دوستلار؛ ئىگىلەر.
ئەسۋەد — قارا.
ئەشئار — شېئىرلار.
ئەشرەف — ئۇلۇغ، هۆرمەتلىك، قەدىرلىك، شاراپەتلىك.
ئەشۇلە — ناخشا، قوشاق.
ئەغنىيا — بايلار، دۆلەتمەنلەر.
ئەغيار — دۈشمەنلەر، رەقىبلەر، ياۋلار.
ئەفئال — قىلىقلار، هەرىكەتلەر، پېئىللار، خۇي - پەيلى.
ئەفتادە — ئاجىز، يىقىلغان، تاشلاندۇق، بىچارە، كەمبەغەل، نامرات، خاراب.



www.uyghurkitap.com

**ئەفزۇن** ـــ كۆپ، ئارتۇق.
**ئەفسەر** ـــ تاج.
**ئەفسۇنساز** ـــ سېھىرگەر؛ گەپدان، داستانچى.
**ئەفشان** ـــ چاچقۇچى، تۆككۈچى.
**ئەفكەندە** ـــ كەمتەر؛ خار، تاشلاندۇق.
**ئەفئى** ـــ زەھەرلىك يىلان.
**ئەقب** ـــ ئارقا، ئارقىسى، كەينى، سوڭ.
**ئەقىب** ـــ ئەۋلاد، نەۋرە، چەۋرە؛ كېيىنكى، ئارقىدىكى.
**ئەقدە** ـــ باغلىماق، چەگمەك؛ تۇزمەك؛ توختام؛ توي، نىكاھ؛ مەسئۇلىيەت.
**ئەقرەبائ** ـــ دوستلار، بۇرادەرلەر، يېقىنلار، قېرىنداشلار.
**ئەقەللى** ـــ ئەڭ ئاز، ئەڭ تۆۋەن، ئەڭ تۆۋەن، ئەڭ ئاز.
**ئەكسەر** ـــ ئەڭ كۆپ؛ كۆپىنچە، كۆپرەك.
**ئەكمەل** ـــ ئەڭ تولۇق، كامىل، مۇكەممەل، پۈتۈن.
**ئەكنۇن** ـــ ئەمدى، ھازىر.
**ئەلەم** ـــ نىشان، ئالامەت، بەلگە، بايراق.
**ئەلفىراق** ـــ ئايرىلماق، ئايرىلىش، جۇدا بولۇش.
**ئەلقار** ـــ ياۋا قوي، تاغ قويى.
**ئەلھان** ـــ ناخشىلار؛ سايراشلار؛ ئاۋازلار.
**ئەلۋىدائ** ـــ ئېسەن بول، ئاللاغا تاپشۇردۇم.
**ئەم** ـــ دەۋا، شىپا.
**ئەمۋات** ـــ ئۆلۈكلەر، جەسەتلەر، مېيىتلار.
**ئەممە** ـــ دادىسىنىڭ بىر تۇغقان ئاچىسى ياكى سىڭلىسى.
**ئەمۋال** ـــ ماللار، بايلىقلار، مۇلۇكلەر، بويۇملار.
**ئەنباز** ـــ ئورتاق، شېرىك، تەڭداش.
**ئەنبەر ئەفشان** ـــ ئەنبەردەك پۇراقلىق، ئەنبەر چاچقۇچى، خۇش پۇراق تارقاتقۇچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەنبىيا — پەيغەمبەرلەر.

ئەنجام — نەتىجە، خۇلاسە، ئاقىۋەت، ئاياغلىشىش، ئاخىرلىشىش.

ئەنجۇم — يۇلتۇزلار؛ ئۈنچە - مەرۋايىتلار.

ئەنجۇمەن — مەجلىس، يىغىلىش، ئولتۇرۇش؛ ئۇيۇشما، جەمئىيەت، كېڭەش ئورنى.

ئەندەلىب — بۇلبۇل.

ئەندۇھ — غەم، قايغۇ، ئەندىشە، خاپىلىق.

ئەنفاس — تىنىقلار، نەپەسلەر.

ئەنقا — سۇمۇرغ، قارا قۇش، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىدىغان قاف تېغىدىكى قۇش.

ئەنۋار — نۇرلار، يورۇقلۇقلار، روشەنلىكلەر.

ئەنۋائ — خىللار، تۈرلەر، بۆلۈملەر.

ئەھەق — ئەڭ لايىق، ئەڭ مۇناسىپ، تېگىشلىك.

ئەھباب — دوستلار، يارانلار، مەھبۇبلار.

ئەھرەمەن — شەيتان؛ دىۋە؛ ئەجدىھا.

ئەھقەر — بەك تۆۋەن، كەمىنە، خورلانغان.

ئەھمەد — ماختاشقا ئەڭ لايىق، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۈپەت نامى.

ئەھمەر — قىزىل، قىپقىزىل.

ئەھيا — قايغۇلار؛ تىرىك؛ تىرىلدۈرۈش، جانلاندۇرۇش، ۋۇجۇدقا چىقىرىش.

ئەۋراد — ۋەزىپىلەر.

ئەۋراق — قەغەزلەر، ۋاراقلار.

ئەۋساف — سۈپەتلەر، ماختاشلار، خۇلقلار، تەبىئەتلەر.

ئەيزەن — يەنە، تېخى.

ئەين — كۆز؛ بۇلاق؛ خۇددى ئۆزى، ئەسلىي، ماھىيىتى، ۋاقىت.

**ئەييار** ــــ ئالدامچى، ھىيلىگەر، قوۋ؛ سەرسان، تېگىرقاپ يۈرگۈچى.

**ئەييام** ــــ كۈنلەر، ۋاقىتلار، چاغلار.

**ئەئجاز** ــــ ئاسمانلار، پەلەكلەر؛ كەمپىرلەر، ھەييار خوتۇنلار.

**ئەئلام** ــــ مەلۇم، مەلۇم قىلماق، ئۇقتۇرۇش.

**ئەئمال** ــــ ئىشلار، قىلمىشلار ئەمەللەر.

## ب

**باد** ــــ شامال؛ ھاۋا؛ گاز؛ نەپەس، دەم.

**بادە** ــــ مەي، شاراب، ئىچىملىك؛

**بادى سەبا** ــــ تاڭ شامىلى.

**باران** ــــ يامغۇر.

**بارەھا** ــــ قورغان، قەلئە، توساق، قورشاۋ تام.

**باك** ــــ قورقۇنچ، خەۋپ، زىيان.

**بالا** ــــ ئېگىز، ئۈستۈن؛ ئۆگزە، ئېگىزلىك.

**بالىش** ــــ ياستۇق.

**بانى** ــــ قۇرغۇچى، بەرپا قىلغۇچى.

**باۋەر** ــــ ئىشەنچ، ئىشەنچلىك.

**باڭ** ــــ ئاۋاز، ئۈنلۈك، شاۋقۇن.

**بەتن** ــــ ئىچ، قېرىن، قورساق.

**بەخشىش** ــــ ئېھسان، ھەدىيە، تارتۇق، سوۋغا؛ ئەپۇ، كەڭچىلىك؛ ئىئانە، سەدىقە.

**بەدر** ــــ تولۇن ئاي.

**بەدلەقەب** ــــ يامان نام، يامان ئاتاق.

**بەرار** ــــ ھوسۇللۇق، باي، مول، مەي باغلىغان؛ بەختلىك.

**بەرايا** ــــ كىشىلەر، ئىنسانلار، خەلقلەر.

بەرايىيا — كىشىلەر، ئىنسانلار، خەلق.
بەرەھنە — ئوچۇق، يالىڭاچ.
بەرف — قار.
بەرھەم — تــوپلىنىپ قــالغــان، چىگىشلىشىپ قــالغــان، ئارىلىشىپ كەتكەن، زەربە، شىكەستە.
بەرنا — ياش، كېلىشكەن، يېقىملىق.
بەرىك — مۇستەھكەم، مەھكەم، بەك، ساغلام.
بەرىن — يۇقىرى، ئېگىز.
بەسەر — كۆز، كۆرۈش قۇۋۋىتى.
بەسى — ھەممىسى، كۆپ، نۇرغۇن، زىيادە، تولا، ئارتۇق.
بەشەر — ئادەم، ئىنسان، كىشى.
بەغايەت — غايەت دەرىجىدە، شۇنداق ھەم.
بەلاد — شەھەرلەر، دۆلەتلەر، جايلار، رايونلار، قەلئەلەر.
بەلەند — ئېگىز، ئۈستۈن، يۇقىرى.
بەلەد — بازار، رايون، كىچىك شەھەر.
بەم — يۇقىرى ئاۋاز، بوم ئاۋاز، چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ يوغان ئاۋازى.
بەناگاھ — تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت، بىردىنلا.
بەنى — ئەۋلاد، ئۇرۇق.
بەھەم — ھاسىل بولماق، بىللە بولماق.
بەھرۇ بەر — دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق.
بەياز — ئاق، ئاق قالغان، بوش؛ شېئىرلار توپلىمى (بىرقانچە شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن توپلام).
بەيت — ئۆي، خانە، جاي، يۇرت.
بەيتۇل - ئەھزان — غەم ئۆيى، غەمخانە.
بەيزائ — ئاق، پارقىراق، ئاپتاپ، قۇياش.
بەئىد — يىراق، ئۇزاق.

بەئد ــ كېيىن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن.
بەخزەمەز (مەخزەمەس) ــ ئوخشىماس.
بوزاق ــ موزاي.
بۇراق ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىئراج كېچىسى مىنگەن ئات.
بۇرران ــ ئۆتكۇر، كەسكىن.
بۇم ــ ھۇقۇش؛ جاي، مۇلۇك؛ تېرىلمىغان يەر.
بۇنياد ــ ئۇل، ئاساس؛ سەۋەب؛ ۋۇجۇدقا چىقارماق، بارلىققا كەلتۇرمەك.
بىئەبا ــ تارتىنمايدىغان، پەرۋاسىز، ئېرەنسىز.
بىتەمىز ــ ئەقىلسىز، پەمسىز.
بىچۇن ــ ئوخشىمايدىغان.
بىدار ــ ئويغاق، ئۇيقۇسىز، ئۇيقۇسى قاچقان.
بىدەرەم ــ پۇلسىز، يوقسۇل، گاداي، كەمبەغەل.
بىسامان ــ پەرىشان، يوقسۇل، گاڭگىرىغان، تېڭىرقىغان.
بىسەر ــ باشسىز؛ ھوش - كاللىسى جايىدا ئەمەس.
بىكەس ــ ئىگىسىز، كىشىسىز، يالغۇز، يېتىم، غېرىب؛ تاشلاندۇق.
بىمەلال ــ ئېغىر كۆرمەسلىك، توسالغۇسىز، ئەركىن، ئازادە.
بىنەزىر ــ تەڭداشسىز، مىسلىسىز.
بىنەۋا ــ مەھرۇم، يوقسۇل بىچارە، بەھرىسىز، ئۇلۇشسىز.
بىئىبا ــ ھاياسىز، نومۇسسىز، ئۇياتسىز، ئار نومۇسنى بىلمەيدىغان.
بىئىشتىباھ ــ ئېنىق، شۇبھىسىز، شەكسىز.
بىدىل ــ يۈرەكسىز، قورقۇنچاق؛ ئاشىق؛ ھەسرەتلىك.
بىريان ــ كۆيمەك، ئۆرتەنمەك، كاۋاپ بولماق.
بىستەر ــ ئورۇن - كۆرپە.

www.uyghurkitap.com

**بىسمىل** — سويماق، ئۆلتۈرمەك، بېشى كېسىلگەن، سويۇلغان، قەتلى قىلىنغان.
**بىسيار** — كۆپ، نۇرغۇن، تولا، مول.
**بىلا** — بولمىغان، ئەمەس.
**بىيم** — خەۋپ، خەتەر، قورقۇنچ، ۋەھىمە.

## پ

**پارسا** — سالماق، ئېغىر - بېسىق؛ ئۆزىنى يامان ئىشلاردىن تارتقۇچى.
**پاس** — ھۆرمەت، ئېتىبار، رىئايە.
**پاستىن** — قاراۋۇلخانا؛ قاراۋۇللار.
**پامال** — يەنجىلگەن، ئاياغ ئاستىدا قالغان.
**پاي** — پۇت، ئاياغ، تاپان؛ ئۇل، تەگ، ئاساس، ئاستى؛ تاغ باغرى.
**پايەدار** — پۇتلۇق، تىرەكلىك، يۆلەنچۈكى بار؛ ئاساسى بار؛ مەرتىۋىلىك.
**پايدار** — مەڭگۈ، دائىمىي، ئۇزاق، ئۇزۇن.
**پايبەست** — پاناھ جاي؛ پۇتى باغلانغان.
**پەرتەۋ** — نۇر، شولا، يورۇقلۇق.
**پەرىۋەش** — گۈزەل، پەرى يۈزلۈك.
**پەزىر** — . . . قوبۇل قىلغۇچى، . . . ياققۇچى.
**پەشمىن** — يۈڭلۈق، يۇڭدىن توقۇلغان.
**پەلىد** — مەينەت، ئىپلاس؛ يارىماس، رەزىل، قەبىھ.
**پەيام** — خەۋەر، ئۇچۇر، دېرەك.
**پەيرەۋ** — ئەگەشكۈچى، ئىزىدىن ماڭغۇچى، ئىزباسار.
**پەيغام** — بېشارەت، خەۋەر، ئۇچۇر.
**پەيكان** — ئوق؛ تىكەن كىرپىك.

پەيكەر ـــ يۈز، چىراي سۈرەت، قىياپەت، گەۋدە.
پەيۋەست ـــ تۇتاشقان، قوشۇلغان؛ دائىم، ئۈزلۈكسىز؛ قوشۇمچە؛ چاپلانغان.
پەيۋەند ـــ تۇتاشماق، ئۇلاشماق، تېتىشمەك.
پۆر ـــ كۆپ، تولا، تولۇق، پۈتۈنلەي، مول.
پۈيە ـــ مېڭىش، يۈرۈش.
پېچ ـــ تولغانماق، بۇرۇلماق؛ ئورالماق؛ چىرمالماق؛ پۈكلەنمەك.
پېچۇ تاب ـــ تولغانماق؛ قىينالماق، سىقىلماق.
پېشۇ پەس ـــ ئىلگىرى ۋە ئاخىر، بۇرۇن ۋە كېيىن.
پىر ـــ قېرى، ياشانغان پېشقەدەم، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچى، پېشۋا، تەجرىبىلىك.
پىراھەن (پىرەھەن) ـــ كۆينەك.

## ت

تاب ـــ قىزىتما، ئىسسىتما؛ يورۇق، پارلاق؛ ھارارەت؛ تولغىماچ؛ ئەشمە، ئۆرۈمە؛ كۈچ ـ قۇۋۋەت.
تابەكەي ـــ قاچانغىچە.
تابىئ ـــ ئەگەشكۈچى، تەۋە، بويسۇنغۇچى؛ پۇقرا، خەلق.
تار ـــ تالا، يىپ؛ چاچ.
تارەم ـــ گۈمبەز، ئۆگزىسى گۈمبەز شەكىللىك ئېگىز ئۆي.
تارۇ پۇد ـــ ئارقاق ـ ئۆرۈش.
تازە ـــ يېڭى، ئەمدىگىنە.
تاق ـــ گۈمبەز؛ پەشتاق؛ ئىشىك.
تاكەي ـــ قاچان، قايسى ۋاقىت.
تالىب ـــ تەلەپكار، تەلەپ قىلغۇچى، ئىزدىگۈچى، خالىغۇچى.
تالىئ ـــ چىققۇچى، كۆرۈنگۈچى؛ بەخت، تەلەي.

**تاھىر** — پاك، تازا، پاكىز، سۈزۈك.

**تاۋان** — تۆلەم، ھەق.

**تاۋۇس** — توز؛ گۈزەل، كۆركەم.

**تايىر** — قۇش؛ ئۇچماق؛ ئۇچىدىغان.

**تاڭ يوق** — ئەجەب ئەمەس، ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

**تەئەددى** — زورلۇق، يولسىزلىق، زۇلۇم، تاجاۋۇز.

**تەب** — قىزىتما، ئىسسىتما، بەزگەك كېسىلى.

**تەبا** — خاراب، يامان، چۈشكۈن، بۇزۇق، چىرىك.

**تەباھ** — «تەبا»غا ئوخشاش.

**تەبدىل** — ئۆزگەرتمەك، ئالماشتۇرماق.

**تەبل** — دۇمباق، ناغرا.

**تەبئ** — تەبىئەت، مىجەز، خاراكتېر؛ تالانت.

**تەجەللى** — نۇرلانماق، جىلۋىلەنمەك، جىلۋە، نۇر.

**تەخمىر** — ئارىلاشتۇرماق، خېمىر.

**تەدارۈك** — ئورنىغا كەلتۈرمەك؛ ئىزدەپ تاپماق.

**تەر** — ھۆل، نەم؛ يېڭى، پاكىز.

**تەرانە** — ناخشا، ئاھاڭ، كۈي، مۇقام؛ ئارۇز ئىلمىدە رۇبائىي ۋەزنىنىڭ نامى.

**تەرەبناك** — خۇشال بولماق، شادلانماق.

**تەرەششۇھ** — سۈيۈقلۇقنىڭ تېمىپ چىقىشى، بىلىنىپ قالماق، سىزىلىپ قالماق.

**تەرەننۇم** — كۈي، ئاھاڭ، مۇزىكا رىتىمىغا تەڭكەش قىلماق، كۈيلىمەك، جۆر بولماق؛ سايرىماق.

**تەرەھھۇم** — رەھىم قىلماق، مەرھەمەت قىلماق، ئايىماق.

**تەرد** — قوغلىماق، سۈرگۈن قىلماق.

**تەرز** — سۈرئەت، رەۋىش، يوسۇن، تەرتىپ.

**تەرسا** — خرىستىئان ياكى ناسارا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى.

**تەرك** — تېز؛ كەچمەك، تاشلىماق، قالدۇرماق، قويماق.

تەرناۋ — سۇ ۋە ئېرىگەن قار ـ يامغۇر سۇلىرى ئېقىپ چۈشۈش ئۈچۈن ياسالغان نو ياكى تۇرۇبا ۋە ياكى كىچىك ئېرىق.

تەزەررۇئ — يالۋۇرماق، يېلىنماق؛ زارلانماق.

تەزەللۇم — شىكايەت قىلماق، دادلىماق؛ زۇلۇم چەكمەك.

تەسەررۇف — قولغا ئالماق، ئىختىيارىغا ئالماق، تارتىۋالماق، ئىگىلىمەك.

تەسخىر — قولغا كىرگۈزمەك، رام قىلماق، ئىلىندۇرماق، ئۆزگە قاراتماق، بېقىندۇرماق.

تەغافۇل — بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسلىككە سالماق، غەپلەتتە قالدۇرماق، تويماي قالماق، تۇيۇقسىزلا بولۇپ قالماق.

تەقەددۇم — ئىلگىرىلىمەك، ئالدىدا بولماق.

تەقسىر — كەمچىللىك، نۇقسان، ئېۋەن، ئەيىب؛ قىسقارتماق.

تەكەللۇم — سۆزلىمەك، گەپ قىلماق، سۆزلەشمەك.

تەكفىن — جەسەتنى كېپەنلىمەك.

تەلاتۇم — دولقۇن، مەۋج، دولقۇنلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇشى.

تەلئەت — يۈز، چىراي، گۈزەللىك.

تەلخ — ئاچچىق، تەمسىز، تېتىقسىز.

تەمەننا — تىلەك، ئىستەك، ئۈمىد، ئارزۇ.

تەممەت — تامامىلىماق، ئاخىرلاشماق، كېيىن، ئاخىر، تامام.

تەمۇغ — دوزاخ، جەھەننەم.

تەمىز — پاك ـ پاكىز.

تەمىيز — ئايرىماق، ئاجراتماق، پەرقلەندۈرمەك.

تەناب — يەر ئۆلچەشتىكى ئۆلچەم بىرلىكى ۋە يەر ئۆلچەش ئەسۋابى.

تەنناز — نازلانغۇچى، جىلۋىدار، كېلىشكەن.

تەھەممۇل — سەۋر ـ تاقەت، چىدام، ئېغىرلىقنى كۆتۈرمەك.

www.uyghurkitap.com

تەھت — چىن . . . دىن، تېگىدىن، ئاستىدىن.
تەھزىب — تازىلاش، پاكىزلاش، پاكلاشتۇرۇش، تازىلىق، پاكلىق.
تەھسىن — ياخشى كۆرمەك، ماختىماق، ئاپىرىن ئوقۇماق.
تەھۇر — پاكلىق، پاكىزلىق، تازىلىق.
تەۋان — كۈچ - قۇۋۋەت، چىدام.
تەۋەللا — دوست تۇتماق؛ يالۋۇرماق، ئۈمىد قىلماق.
تەۋەھھۇم — قورقماق، ۋەھىمىگە چۈشمەك.
تەۋق — مارجان؛ گۇناھكارلار بويىنىغا سېلىنىدىغان ھالقا.
تەير — قۇش؛ ئۇچماق.
تەيران — ئۇچماق؛ ئۆرلىمەك.
تەك — تار، سىقىق، قىستاڭ، زىچ.
تەئمىر — ئۆي، ھويلا ئارام؛ تۈزۈش، ياساش، رېمونت قىلىش.
تۇبى — جەننەت دەرىخى، گۈزەل دەرەخ؛ كېلىشكەن قامەت.
تۇلان — بەش ياشلىق ئات.
تۇئمە — تاماق، ئوزۇق، لوقما.
تۇججار — سودىگەر.
تۇراب — توپا، تۇپراق، يەر.
تۇربەت — قەبرە؛ تۇپراق، يەر.
تۇرفە — ئاجايىپ، ھەيران قالدۇرىدىغان، غەلىتە؛ قىزىقارلىق.
تۇش — پايدا، ئۇسۇم؛ مېۋە، يېمىش؛ نەتىجە؛ مۇكاپات.
تۇغيان — كەلكۈن؛ توپىلاڭ، ئىسيان.
تۇنو — ئاچچىق، غەزەپ، غەزەپلىك.
تىر — ئوق.
تىرە — غەم - غۇسسە؛ قارا، قاراڭغۇ، بۇلغانغان.
تىرى باران — ئوق يامغۇرى، يامغۇردەك ياغدۇرۇلغان ئوق.

تىشە ــ پالتا.
تىفل ــ گۆدەك، كىچىك، نارەسىدە، بالا.
تىينەت ــ تەبىئەت، خۇلق، خاراكتېر، يارىتىلىش.

## ج

جا ــ ئورۇن، ماكان، يەر، جاي.
جام ــ قەدەھ، ئاياغ، پىيالە.
جامە ــ كىيىم.
جامى جەم ــ جەمشىتنىڭ جامى.
جانىب ــ تەرەپ، تامان، ياق، يان، جەھەت.
جاھ ــ مەنسەپ، دەرىجە، مەرتىۋە، ئورۇن.
جاۋىد ــ مەڭگۈ، ئەبەدىي، دائىمى.
جەببار ــ جەۋر قىلغۇچى، زۇلۇم سالغۇچى، غەزەپلەنگۈچى؛ ئۇلۇغ ۋە قۇدرەتلىك.
جەبىن ــ ماڭلاي، پېشانە.
جەدىد ــ يېڭى، يېڭىدىن، يېڭىلىق.
جەرەس ــ قوڭغۇراق، كولدۇرما.
جەلال ــ ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك.
جەلىلە ــ مەرتىۋىلىك، ئۇلۇغلۇق، قەدىرلىك.
جەناب ــ دەرگاھ، ھوزۇر، بوسۇغا؛ مەرتىۋىلىك ۋە دەرىجىلىك كىشىلەرگە ئېھتىرام سۆزى.
جەھر ــ ئوچۇق ـ ئاشكارا؛ سەمىمىي، تۈز؛ ئاۋازنى يۇقىرى كۆتۈرمەك.
جەھىم ــ دوزاخ، جەھەننەم.
جەۋلان ــ كەزمەك، يۈرمەك.
جەيب ــ ياقا، يانچۇق (قويۇن)؛ كۆڭۈل، دىل.
جوي ــ تەلەپكار، ئىزدىگۈچى.

www.uyghurkitap.com

جۇدد ــ سېخىيلىق، قولى ئوچۇقلۇق.
جۇرئە ــ ئوتلام، يۇتۇم.
جۇرم ــ گۇناھ، ئەيىب، خاتا؛ قاباھەتلىك.
جۇز ــ ئايرىم، بۆلەك، قىسمەن.
جۇزئ ــ باشقا، ئۆزگە، يات.
جۇستىجۇ ــ ئىزدىمەك، ئاختۇرماق، قىدىرماق.
جۇنبىش ــ قوزغالماق، جۇش ئۇرماق، قايناماق.
جۇنۇن ــ مەجنۇن، ئاشىق، سەۋدايى.
جۇيبار ــ ئېرىق ـ ئۆستەڭ قىرغاقلىرى.
جۇئ ــ ئاچ، ئاچلىق، ئاچارچىلىق.
جىرتەك ــ ئىچى قارىلىق قىلماق، بىراۋنىڭ بېشىغا چۈشكەن بەختسىزلىكتىن خۇشال بولۇپ ئىسقىرتماق ۋە چاۋاك چالماق، مەسخىرە قىلىپ كۈلمەك، مازاق قىلىپ چاۋاك چالماق؛ چاۋاك، ئالقىش.

## چ

چابۇك ــ تېز، ئىلدام، يۇگۈرمەك؛ شوخ، ئويناق؛ چەۋەنداز.
چاپ ــ باسما، مەتبەئە؛ بېسىلغان سۇرەت.
چارگاھ ــ كلاسسىك مۇقاملاردىن بىرىنىڭ نامى.
چاشت ــ چۈش ۋاقتى.
چال ــ خەندەك، ئورا، سۇ چوڭقۇرلۇقى.
چاھ ــ قۇدۇق، ئورا، يەر ئاستى ئۆيى، گەمە؛ چوڭقۇرلۇق.
چەپ ــ كاج، تەتۈر؛ سول، تەتۈر، ئەكسى.
چەتر ــ چېدىر.
چەراغان ــ رەڭگارەڭ نۇر، پارقىراق، يالتىراق، پارلاق.

چەرخ ــ ئاسمان ـ پەلەك، كۆك؛ چاق، ئايلانغۇچى، يۇملاق؛ چەمبىرەك؛ دەۋر، زامان؛ تەقدىر، تەلەي.

چەۋگان ــ ئات مىنىپ تۇرۇپ تاياق بىلەن توپنى ئۇرۇپ ئوينايدىغان ئويۇن، مۇشۇ ئويۇندا توپنى ئۇرىدىغان تاياق.

چەھار ــ تۆت.

چۇغز ــ ھۇۋقۇش، مۇشۇكياپىلاق.

چۇنان ــ باھانە، سەۋەب، نىمىشقا.

# خ

خار ــ تىكەن، ئۇچ.

خارا ــ تاش، قاتتىق تاشسىمان بۇيۇم؛ قىممەتلىك ئىپەك توقۇلما.

خاك ــ توپا، تۇپراق، توزاڭ؛ يەر يۈزى؛ خار قەدىرسىز.

خاكسار ــ قەدىرسىز، خار، تۆۋەن، پەس، ئەرزىمەس؛ چاڭ ـ توزانلىق، بۇلغانغۇچى؛ توپا بىلەن تەڭ.

خاكى ــ توپىدىن بولغان، توپىغا مۇناسىپ؛ توپا رەڭ؛ كۈلرەڭ؛ چاڭ ـ توزانلىق؛ پاسكىنا؛ كەمتەر؛ يەرگىنىشلىك، پەس.

خالە ــ ئانىسىنىڭ ئاچىسى ياكى سىڭلىسى.

خالىق ــ يارانقۇچى، بار قىلغۇچى، خۇدا، ئاللا.

خامە ــ قەلەم.

خاۋەر ــ شەرق، كۈن چىقىش؛ قۇياش.

خەبىس ــ يامان، يارىماس، ئىپلاس.

خەتم ــ تۈگىمەك، تاماملانماق، پۈتمەك؛ ئەڭ ئاخىرى؛ مۆھۈر باسماق.

خەدەڭگى ــ ئوقيانىڭ ئوقى.

خەر ــ ئېشەك؛ دۆت، ئەقىلسىز.

خەرۋار ــــ ئېغىرلىق ئۆلچىمى ( بىر ئېشەكلىك يۈك ) .
خەسم ــــ دۈشمەن، رەقىب، قارشى، مۇقابىل.
خەشم ــــ ئاچچىق، غەزەپ.
خەلەل ــــ كەمچىللىك، نۇقسان، ئېۋەن.
خەللاق ــــ يارانقۇچى، ياسىغۇچى.
خەم ــــ ئېگىلگەن، پۈكۈلگەن، ئېگىشكەن، ئەگرى ـ بۈگرى.
خەيرات ــــ ياخشىلىقلار، ئېھسانلار.
خەيرباد ــــ خوشلىشىش، ۋىدالىشىش.
خەيل ــــ گورۇھ، توپ، دۆۋە.
خۇتۇت ــــ خەتلەر، يېزىقلار.
خۇجەستە ــــ قۇتلۇق، مۇبارەك، بەختىيار.
خۇدبىن ــــ تەكەببۇر، شەخسىيەتچى، ئۆزىنىلا كۆرىدىغان.
خۇدكام ــــ شەخسىيەتچى، ئۆز مەقسىتىنىلا كۆزلىگۈچى.
خۇدنەما ــــ ماختانچاق، شۆھرەتپەرەس.
خۇر ــــ قۇياش.
خۇردە ــــ ئۇششاق، زەررە، گۈل زەررىلىرى، گۈل چاڭلىرى؛
ئالتۇن.
خۇرشىد ــــ قۇياش، كۈن، ئاپتاپ.
خۇرۇش ــــ پەرياد، پىغان، ۋارقىراش، قىچقىرىش، غەۋغا،
شاۋقۇن ـ سۈرەن.
خۇزرا ــــ يېشىل، كۆكۈمتۇل.
خۇسۇف ــــ ئاينىڭ تۇتۇلۇشى.
خۇشرو ــــ گۈزەل يۈزلۈك، چىرايلىق، سۆيۈملۈك، گۈزەل.
خۇشك ــــ ئۇسسىغان، سۇسىرىغان، قۇرغاق، سۇسىز،
قاخشال.
خۇفيە ــــ يوشۇرۇن، مەخپى.
خۇلد ــــ مەڭگۈلۈك، ئەبەدىيلىك؛ جەننەت.
خۇلد بەرىن ــــ جەننەت.

**خۇلۇس** ــ خالىسلىق، توغرىلىق.
**خۇنەسە** ــ رەزىل، ئىپلاس، يارىماس، ئەبلەخ؛ ھەم ئەركەك، ھەم چىشى جىنسىي بەلگىلىرى بولغان ھايۋان ياكى ئادەم.
**خۇن فىشان** ــ قان چاچقۇچى، قان تۆككۈچى، قانخور.
**خىدمەت** ــ خىزمەت، ئىش.
**خىرام** ــ ماڭماق، يۈرمەك، چىرايلىق مېڭىش.
**خىرامان** ــ ئۆزىنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ ناز بىلەن چىرايلىق ماڭماق.
**خىرە** ــ تۇتۇق، گۇڭگا، قاراڭغۇ؛ سۇنۇق، مىسكىن، قىيىن.
**خىرەد** ــ ئەقىل، ھوش، پاراسەت.
**خىرقە** ــ دەرۋىشلەرنىڭ ئۇستىدىكى كىيىمى؛ يىرتىق كونا چاپان، كونا رەخت.
**خىسال** ــ خىسلەتلەر، سۈپەتلەر، خۇلقلار.
**خىلئەت** ــ شاھ تەرىپىدىن تەقدىم قىلىنغان تون؛ تون، تەلپەك، كىيىم ـ كېچەك.
**خىيابان** ــ چوڭ ھەم كەڭ كوچا ياكى يول، گۈلزار ئىككى تەرىپى گۈل ـ گىياھ ۋە دەل ـ دەرەخلەر بىلەن ئورالغان چىرايلىق كوچا.
**خىيش** ــ ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداش، يېقىن كىشى.
**خىيشۇ تەبار** ــ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يارۇ بۇرادەر.

## د

**دادگەر** ــ دەردكە دەرمان بولغۇچى، ئەرز ھال ئىشىتكۈچى، ئادالەتلىك.
**دارا** ــ ئىگە بولغۇچى، ئىگەللىگۈچى، كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، باي.

www.uyghurkitap.com

دارايى ــ يىپەكدىن توقۇلغان نازۇك توقۇلما، شاهى، ئەتلەس؛
بايلىق، مۈلۈك.
دارۇ ــ دورا، دورا ـ دەرمەك، مەلھەم.
دارۇلقەرار ــ جەننەت؛ ئاخىرەت، ئۇ دۇنيا.
داغى ــ قىزىق؛ قايغۇلۇق، ماتەملىك؛ تېخى، يەنە، ھەمدەم.
دامان ــ چەت، ياقا، ئېتەك، ئۆڭكۈر.
دايە ــ ئېنىك ئانا، بالا باققۇچى.
دەراز ــ ئۇزۇن، ئېگىز.
دەرەخشان ــ پارلاق، پارقىراق، يالتىراق.
دەر بەدەر ــ سەرسان، سەرگەردان، ساياق، ئۆيمۇ ئۆي كېزىپ
يۈرگۈچى.
دەركار ــ كېرەك، لازىم، زۆرۈر، كېرەكلىك.
دەست ــ قول، بىلەك؛ قېتىم، مەرتەم؛ يۆنىلىش، ئورۇن؛
تۈر، خىل، دەرىجە؛ ھالەت، كۈچ، تەسىر؛ ئىقتىدار.
دەستگىر ــ تۇتقۇن، ئەسىر؛ ياردەمچى، قوللىغۇچى.
دەفئەتەن ــ بىردىنلا، توساتتىن، كۈتۈلمىگەندە، بىر يولى.
دەفئى ــ يوقاتماق، يىتتىرمەك، ياندۇرماق، قايتۇرماق،
كەتكۈزمەك.
دەم ــ تىنىق، نەپەس؛ چاغ، ۋاقىت، لەھزە؛ قان؛ ياش.
دەھا ــ يەنە، تېخى، يەنىمۇ.
دەھان ــ ئېغىزلار، تۆشۈكلەر.
دەھەن ــ ئېغىز، تۆشۈك.
دەھر ــ زامان، دەۋر؛ دۇنيا؛ ئالەم؛ تەقدىر، قىسمەت.
دەۋۋار ــ ئايلانماق، پىرقىرىماق؛ دەۋر ئەتمەك؛ باش قايماق.
دەير ــ بۇتخانا، ئىبادەتخانا؛ دۇنيا؛ مەيخانا؛ گۈمبەز.
دۇن ــ رەزىل، پەس، تۆۋەن، كەم، ئاز.
دوندۇق ــ يۇمىلاق، يومىلاقىنە كەلگەن چاققان چىرايلىق،
يۈز.

دۇ — ئىككى.
دۇختەر — قىز، قىز بالا، قىزچاق.
دۇخۇل — ئېرىشىش، داخىل بولۇش، كىرىش.
دۇد — تۈتۈن، ئىس، تۈتەك، دۇت؛ ئوتلۇق، پىغانلىق، ئاچچىق.
دۇداغ — لەۋ، كالپۇك، ئېرىن.
دۇدە — كۈيە، قۇرۇم، كۆيۈندە، ئىس، چىراغ ئىسى.
دۇدەم — ئىككى بىسلىق پىچاق، خەنجەر.
دۇرۇد — سالام، دۇئا، ئىبادەت، سوراش.
دۇرۇغ — يالغان، ساختا، ئالدام.
دۇگاھ — ئۆزبېك كلاسسىك ئالتە مۇقام سىستېمىسىدىكى ئۈچىنچى مۇقام گۇرۇپپىسىنىڭ نامى.
دۇمە — چارروسىيىدىكى تۈرلۈك مەركىزىي ۋە مەھەللىۋى ئورگانلارنىڭ ئومۇمىي نامى.
دىباچە — باش، باشلىنىش، تۈنجى، باشلانما؛ كىرىش سۆز، كىتابنىڭ بىرىنچى بېتى.
دىق — ئىنچىكە، نازۇك.
دىگەر — باشقا، ئۆزگە.
دىلجو — كۆڭۈل سورىغۇچى، كۆڭۈل ئىستىگۈچى، كۆڭۈلدىكىنى تاپقۇچى، گۈزەل.
دىلخىراج — ئۆزبېك خەلق كۈيلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.
دىلسۆز — ئۆزبېك كلاسسىك كۈيلىرىدىن بىرىنىڭ نامى؛ كۆڭۈلنى كۆيدۈرگۈچى، جان كۆيەر.
دىلفىگار — دىلى ئازار يېگەن، كۆڭلى بۇزۇلغان، كۆڭلى ۋەيران بولغان.
دىيدە — كۆز.
دىيدەئى — كۆز قارىچۇقى، كۆز گۆھىرى.

www.uyghurkitap.com

# ر

راز — سىر، يوشۇرۇن، مەخپى؛ رەڭ، بوياق.

راست — ئۆزبېك كلاسسىك ئالتە مۇقام سىستېمىسىدىكى بەشىنچى مۇقام گۇرۇپپىسىنىڭ نامى.

راغىب — ئارزۇ قىلغان، خالىغان، تىلىگەن، قىزىققان، ئىزدىگەن، مايىل، مەيلى بار، رىغبەتلەنگەن.

راك — كلاسسىك مۇقاملاردىن بىرىنىڭ نامى، نەغمە؛ ھىيلە - نەيرەڭ؛ ياغاچ قاچا؛ جەڭ دۇمبىقى.

راھپەيما — يولۇچى، يول يۈرگۈچى.

رەبات — قونالغۇ، كارۋان ساراي، ئۆتەڭ، لەڭگەر.

رەبىئ — باھار پەسلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى، ياز بېشى، كۆكلەم چېغى؛ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ.

رەجائ — ئارزۇ، ئۈمىد، ئىستەك، تىلەك، ئۆتۈنچ.

رەجئەت — قايتماق، يانماق، ئەكسىگە قايتماق.

رەخ — چەك، سىزىق، چىگرا؛ يول - يول، تارام - تارام.

رەخت — مال - مۈلۈك، كىيىم - كېچەك، ئۆي جابدۇقلىرى.

رەخش — نۇر، يورۇقلۇق، قۇياش؛ خۇشاللىق، بەخت؛ ئات، ئارغىماق؛ مەلۇم يۇلتۇزنىڭ نامى.

رەخشان — پارقىراپ تۇرىدىغان، يالتىراپ تۇرىدىغان، نۇرلىنىپ تۇرىدىغان.

رەز — ئۈزۈم، تەك، تال.

رەززاق — ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى (ئاللانىڭ سۈپەت نامى).

رەزم — ئۇرۇش، جېدەل، جەڭ.

رەسۇل — پەيغەمبەر، ئەلچى.

رەشك — ئىچى تارلىق، قىزغانچۇقلۇق، كۈندەشلىك.

رەف — تەكچە، ئويۇق، دېرىزە تەكچىسى.

رەفاھ ـــ باياشادلىق، مولللۇق، مەئىشەت، كەڭ ـ كۇشادىلىق.
رەفئەت ـــ بۈيۈكلۈك، ئۈلۈغلۈق، يۇقىرىلىق، بۈيۈك مەرتىۋە، ئۇلۇغ دەرىجە.
رەفتار ـــ مېڭىش، يۈرۈش، قەدەم بېسىش.
رەفىق ـــ يولداش، دوست، بۇرادەر.
رەم ـــ ئۈركۈمەك، چۆچۈمەك، قورقماق، قاچماق، تارقالماق.
رەمەد ـــ كۆز ئاغرىقى، يىغلاش نەتىجىسىدە كۆز ئېقىنىڭ قىزىرىشى.
رەمەق ـــ ئەڭ ئاخىرقى تىنىق، جان ئۈزۈش دەقىقىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى نەپەس.
رەمز ـــ ئىشارەت، ئىما، ئۆزئارا بىلىشىدىغان يوشۇرۇن بەلگە.
رەھا ـــ ئەركىن، ئىختىيارى، ئازاد.
رەھمان ـــ ھەممىگە رەھىم قىلغۇچى (ئاللانىڭ سۈپەت نامى).
رەۋزە ـــ باغ، جەننەت؛ قەبرە.
رەۋغەن ـــ ماي، ياغ.
رەۋىش ـــ قائىدە، يول، يوسۇن، يۈرۈش، مېڭىش.
رەئىيەت ـــ خەلق، پۇقرا، ئاۋام.
رەئد ـــ گۈلدۈرماما؛ ئوت ئاتىدىغان بىر خىل قورال.
رۇتبە ـــ مەرتىۋە، دەرىجە، ئەمەل، ۋەزىپە، يۈكسەكلىك، ئۇلۇغلۇق.
رۇز ـــ كۈن، كۈندۈز.
رۇزگار ـــ تۇرمۇش، تىرىكچىلىك، كۈن كەچۈرۈش، كۈندىلىك تۇرمۇش لازىملىقلىرى؛ دەۋر، زامان، ۋاقىت، ئەسىر.
رۇزۇ شەب ـــ كۈندۈز ۋە كېچە.

روزى — كۈندىلىك ئوزۇق، نېسىۋە، تىرىكلىك ۋاسىتىسى، كۈندىلىك.
روش — قىلىقسىز، بەتقىلىق، بەتخۇي، ئەخلاقسىز.
روھ — روھ، جان؛ كۆڭۈل، قەلب كەيپىيات؛ جەۋھەر؛ ماھىيەت؛ پەرىشتە.
روھئەفزا — روھلاندۇرغۇچى، جانغا مەدەت بەرگۈچى.
روھۇللاھ — جەبرائىل.
رىبا — ئۆسۈم، جازانە.
رىز — تۆككۈچى، چاچقۇچى، ئاققۇزغۇچى.
رىسالەت — پەيغەمبەرلىك، ئەلچىلىك.
رىسمان — ئاغامچا، يىپ.
رىش — ساقال.
رىشۋە — پارا؛ ئوغوت.
رىفق — مۇلايىملىق، ياۋاشلىق، يېقىملىق، يۇمشاقلىق.
رىند — مەيخور، مەئىشەتپەرەس؛ نازۇك تەبىئەت؛ غەيرى؛ ياسانچۇق، بايۋەچچە؛ بىپەرۋا، ئىرەنسىز، لاغايلاپ يۈرىدىغان.
رىياز — گۈللۈكلەر، باغچىلار.
رىيائ — ئىككى يۈزلىمە، ئۆزىنى يالغاندىن ياخشى قىلىپ كۆرسەتمەك.

## ز

زادە — بالا، ئەۋلاد، تۇغۇلغان.
زاكىر — يادلىغۇچى، ئەسلىگۈچى، تەكرارلىغۇچى، زىكىر قىلغۇچى.
زال — ياشانغان، قېرى؛ كەمپىر، موماي؛ دۇنيا؛ ئاسمان.

زالى فەلەك — ئاسمان.
زاھىد — دىندار، تەقۋادار، سوپى، ئىبادەتمەن.
زەبت — تۇتماق، ئالماق، ئىشغال قىلماق.
زەخمىن — جاراھەتلىك، يارىلانغان، يارىدار.
زەرد — سېرىق، سېرىقلىق؛ دۇبۇلغا، ساۋۇت.
زەرىف — قاچا، كوزا، ئىدىش؛ ساپ مال سېلىنىدىغان قۇتا.
زەكى — ساپ، خالىس؛ ئۆتكۈر، زېرەك.
زەلىل — خار، قەدىرسىز، تۆۋەن، خاراب، پېقىر.
زەم — قوشۇش، جەملەش، بىرلەشتۈرۈش، كىرگۈزۈش.
زەمىر — ئىچكى دۇنيا، كۆڭۈل، يۈرەك، قەلب، ۋىجدان، سىر.
زەنەخدان — زىناق، ياڭاق، ئېڭەك ئاستى.
زەھراب — زەھەرلىك سۇ، پاسكىنا سۇ، يۇندا، سۈيدۈك.
زەڭ — كىر، دات، چاڭ - توزان.
زۇبدە — نەتىجە، جەۋھەر، تاللانغان؛ كۆپۈك.
زۇد — تېز، تېزلىك، ئالدىرىماق.
زۇلال — ئىنتايىن سۈزۈك ۋە پاكىز ئارامبەخش سۇ.
زۇلف — چاچ، كوكۇلا.
زەلالەت — ئازغان، ئاداشقان، يولدىن ئېزىپ كەتكەن.
زۇنۇب — گۇناھلار، ئەيىبلەر، خاتالىقلار.
زى — ئىگە، ساھىب.
زىر — بىرەرسىنىڭ تېگى، ئاستى؛ پەس، تۆۋەن.
زىرۇ بەم — تۆۋەن ۋە يۇقىرى ئاۋاز، ئىنچىكە ۋە بوم تاۋۇش.
زىرى پا — ئاياغ ئاستى، پۇت ئاستى، تاپان ئاستى.
زىكر — ئەسلىمەك، يادلىماق، سۆزلىمەك، بايان قىلماق، تىلغا ئالماق.
زىلزىلە — يەر تەۋرەش، قىمىرلاش، مىدىرلاش.
زىندە — تىرىك، جانلىق، بەردەم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

زىندەگان ــــ تىرىكلىك، ھاياتلىق، ھاياتىي.
زىھەك ــــ كۆلكە، كۆلۆش، كۆلمەك.
زىبى ــــ ياخشى، گۈزەل، ئاپىرىن، نىمىدىگەن ياخشى.
زىۋەر ــــ بىزەك، يارىشىق.
زىيب ــــ زىننەت، بىزەك، يارىشىق.
زىيبەندە ــــ بىزىگۈچى، يارىشىملىق، كېلىشكەن.
زىيائ ــــ نۇر، يورۇقلۇق، يالتىراق، پارقىراق؛ ھۇزۇر.

## ژ

ژالە ــــ شەبنەم؛ ياش، كۆز يېشى.

## س

ساغەر ــــ قەدەھ، جام، پىيالە.
ساكىن ــــ ئولتۇراقلىق ئاھالە، تۇرۇشلۇق ئاھالە، بىر جايدا تۇرىدىغان؛ قىمىرلىمايدىغان، جىمجىت، تىنچ.
سال ــــ يىل؛ دەۋر، تارىخ؛ ياش؛ قىرى.
سالۇ ماھ ــــ يىل ۋە ئاي، كۈنلەر.
سامان ــــ كۈچ، قۇدرەت، قابىلىيەت، لاياقەت؛ تەرتىپ، ئىنتىزام؛ ياردەم، ئىلاج.
سامىئ ــــ ئاڭلىغۇچى، ئىشىتكۈچى.
سانىئ ــــ پەيدا قىلغۇچى، ياسىغۇچى.
ساھىب ــــ ئىگە، خوجا؛ ھەمراھ، يولداش؛ جاناب.
ساھىر ــــ سېھىرگەر، جادۇگەر، كۆز باغلىغۇچى.
سايىر ــــ باشقا، ئۆزگە؛ كەزگۈچى، ساياھەت قىلغۇچى.
سەئادەت ــــ بەخت، ئىقبال، تەلەي.

سەبا — تاڭ ئاتار ۋاقتىدا چىقىدىغان يېقىملىق شامال، تاڭ شاملى.
سەبات — چىڭ، مۇقىم، تۇرغۇنلۇق، بىر جايغا قارار تاپقان.
سەباھەت — گۈزەل، چىرايلىق، ھۆسندار، ئاق يۈزلۈك.
سەبزە — يېشىللىق، كۆكلەم، مايسا.
سەبۇكبار — يەڭگىل، چاققان، يوكى يەڭگىل.
سەبۇھ — تاڭ ۋاقتىدىكى ئىچكۈلۈك (مەي).
سەبىل — يول، تەرىق.
سەتتارۇل - ئۇيۇب — ئەيىبلەرنى ياكى نۇقسانلارنى ياپقۇچى.
سەخت — قاتتىق، مۇستەھكەم، قېتىپ قالغان.
سەدبار — يۈز مەرتەم، يۈز قېتىم، نۇرغۇن قېتىم.
سەدر — رەئىس، چوڭ ئەمەلدار؛ كۆكرەك؛ باشلام، تۆر؛ شېئىرنىڭ بىرىنچى مىسراسىنىڭ بىرىنچى سۆزى.
سەر — باش.
سەراب — تومۇز كۈنلىرىدە يىراقتىن سۇغا ئوخشاش ۋىلىلداپ كۆرۈنىدىغان ئېقىم.
سەر بەسەر — ئۇ باشتىن بۇ باشقىچە، پۈتۈنلەي، باشتىن - ئاياغ.
سەرا پا — باشتىن - ئاياغ، پۈتۈنلەي، تامامەن، ھەممە.
سەر چەشمە — بۇلاق بېشى، بۇلاق بويى؛ سەۋەب؛ يىلتىز، نېگىز.
سەرخۇش — شىركەيپ، كەيپ بولغان، كەيپى بار.
سەرد — سوغۇق.
سەرىر — تەخت، ئورۇندۇق، كارىۋات.
سەررىشتە — يىپ ئۇچى؛ ئەقىل، ئىقتىدار، قابىلىيەت؛ بىلمەك، خەۋەردار بولماق.
سەرزەنىش — سۆكمەك، ئەيىبلىمەك، كايىماق، تاپا - تەنە، ھاقارەت، دوق، جىمىلىمەك.

www.uyghurkitap.com

سەرسەر — سوغۇق، ناھايىتى قاتتىق سوغۇق شامال.

سەرشار — لىق، تولغان، لىقمۇ لىق.

سەرفەراز — بېشى ئېگىز، بېشى ئۈستۈن، ئېسىل، ئالىيجاناب؛ شەرەپلىك، شەرەپ قازانماق؛ شادلانماق.

سەرگەشتە — بېشى ئايلانغان، گاڭگىراپ قالغان، سەرگەردان، چۆچۈگەن، ھەيران قالغان.

سەرنىگۈن — بېشى تۆۋەن؛ مىسكىن؛ ئاستىن ـ ئۈستۈن، كۆمتۈرۈلگەن؛ شەرمەندە.

سەرۋ — تىك ۋە تۈز چىرايلىق ئۆسىدىغان خۇش قامەت بىر خىل دەرەخ، تاغ تېرىكى؛ سۆيگەن يارنىڭ كېلىشكەن قامىتى؛ يار.

سەرۋەر — يولباشچى، يېتەكچى، رەئىس؛ قەبىلە باشلىقى؛ ئىگە، خوجا، خوجايىن.

سەرۋى خىرامان — نازاكەتلىك يار، گۈزەل يۈرۈشلۈك مەھبۇب.

سەفا — يېقىملىق، پاك، تازا، ساپ؛ يورۇق، روشەن؛ خۇرسەنلىك؛ مەئىشەت؛ مەككىدىكى بىر ئورۇن نامى.

سەفىد — ئاق، ئاق تۈسلۈك.

سەفھە — سەھىپە، بەت؛ كىتاب.

سەقەر — دوزاخ، جەھەننەم.

سەقىل — ئېغىر، قىيىن.

سەك (سەگ) — ئىت، كۈچۈك.

سەكىن — ئاستا، ئالدىرىماي، پەم بىلەن، چاندۇرماي.

سەم — زەھەر، ئوغا.

سەما — ئاسمان، كۆك؛ يۇقىرى، تورۇس.

سەماۋات — ئاسمانلار، كۆكلەر.

سەمەد — ھېچ نەرسىگە موھتاج بولمىغان.

سەمەر — مېۋە، يېمىش؛ نەتىجە، خۇلاسە.

سەمۇم — ئىسسىق شامال، ھالاكەتلىك شامال.
سەنەم — بۇت ۋە ھەيكەل؛ گۈزەل يار، مەھبۇب.
سەندان — قاتتىق؛ سەندەل.
سەھاب — بۇلۇت، تۇمان.
سەھل — ئاسان، ئوڭاي، يەڭگىل؛ ئەرزىمەس.
سەۋاد — قارا، قاراڭغۇ؛ يېزىق؛ شەھەر، ئۆلكە، تېررىتورىيە؛ قارا چېكىت؛ بەلگە، نىشان.
سەۋدائى — تەلۋە، تەنتەك؛ خىيالى چېچىلغان؛ بىرىلگەن.
سەۋت — ئاۋاز، ناۋۇش؛ ئاھاڭ، كۈي، مۇقام؛ شاۋقۇن؛ ئۆزبېك كلاسسىك مۇزىكىسىدا كۈينىڭ ئاساسىي قىسمىدىن كېيىن كېلىدىغان ئاخىرقى قىسمى.
سەۋسەن — گۈلنىڭ نامى، بىر خىل ئۆسۈملۈك.
سەئىد — بەختلىك، راھەت ـ پاراغەتلىك.
سەيد — ئوۋ، ئوۋلىنىدىغان جانىۋار، ئوۋلىماق.
سەيقەل — پارقىراق، پارلاق؛ پەدازلىماق، يالتىراتماق، جۇلالاندۇرماق.
سەيىد (سەييىد) — خوجا، ئىگە؛ ئاقسۆڭەك؛ جاناب، تەقسىر؛ باشلىق، يولباشچى؛ پەيغەمبەر ئەۋلادى.
سەئد — بەخت، ياخشىلىق.
سەئيى — ھەرىكەت، تىرىشىش، ئۇرۇنۇش، ئىنتىلىش.
سوز — كۆيدۈرمەك، ئۆرتىمەك، قىينىماق.
سوزان — كۆيگەن، كۆيۈپ تۇرغان، يالقۇنلۇق؛ ئۆرتەنگەن، ئەلەملىك.
سوغرە — كېيىن.
سوي — تەرەپ، ياق، تامان.
سۇ — نۇر، يورۇق؛ يۇنۇلۇش، نىشان، تەرەپ؛ كۆرۈش قۇۋۋىتى.
سۇبھ — تاڭ، تاڭ ئاتار ۋاقتى، تاڭ چېغى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇتۇر ـــ قۇرلار، رەتلەر، يوللار، قاتارلار.
سۇختە ـــ يانغان، كۆيگەن؛ كۆيۈك، يارا، جاراھەت.
سۇد ـــ پايدا، نەپ، بەھرە.
سۇر ـــ ھايۋان مۈڭگۈزىدىن قىلىنىدىغان كاناي ياكى سۇناي.
سۇراخ ـــ تۆشۈك، ئۆڭكۈر، بوش، بىكار.
سۇرۇد ـــ ناخشا، قوشاق، كۈي؛ نەغمە، مۇزىكا؛ كۈيلىمەك.
سۇرۇر ـــ خۇشاللىق، شادلىق، سۆيۈنۈش ھېسسىياتى.
سۇكۇنات ـــ توختىماق، توختاپ قالماق، جىمجىتلىق.
سۇللا ـــ يۈزى قىلىن، بىــزەڭ، ئادەمنى بىزار قىلارلىق دەرىجىدىكى يۈزسىز.
سۇۋار ـــ مىنگەن، ئاتلىق، مىنمەك، ئاتلانماق.
سۇچۇك ـــ تاتلىق، شېــرىن، لــەززەتلىك، مــەززىلىك، چۈچۈك.
سىگاھ ـــ كلاسسىك مۇقاملاردىن بىرىنىڭ نامى.
سىۋەر ـــ سۆيمەك، سۆيۈملۈك، يار.
سىپاس ـــ ماختىماق، ياراتماق، تەشەككۈر، رەھمەت، شۈكۈر ئېيتماق، مىننەتدارلىق بىلدۈرمەك.
سىپقارماق ـــ سۈمۈرمەك، يۇتماق، ئىچمەك.
سىپىھر ـــ ئاسمان ـ پەلەك، ئاسمان گۈمبىزى.
ستارە ـــ يۇلتۇز.
ستايىش ـــ مــەدھىيىلىمــەك، مــاختىماق، يــاخشىلىق بىلەن سۈپەتلىمەك.
ستەم ـــ ئازاب، جەبىر ـ زۇلۇم.
ستەمگەر ـــ زالىم، زۇلۇم سالغۇچى.
سىدىق ـــ راستچىل، چىن سۆزلۈك.
سىدق ـــ چىن، راست، توغرا.
سىراب ـــ سۇغا قانغان، سۇغا تويۇنغان؛ مولچىلىق، باياشادلىق.

**سىرىشك** ــ كۆز يېشى.
**سىفات** ــ سۈپەتلەر، خۇسۇسىيەتلەر.
**سىفلە** ــ پەس، پەسكەش، پىخسىق، خەسىس.
**سىفاھان** ــ ئۆزبېك كلاسسىك مۇقاملىرىدىن بىرىنىڭ نامى.
**سىلە** ــ ئىنئام، سوۋغا، تارتۇق، بەخش.
**سىمبەر** ــ كۈمۈش بەدەن، ئاق بەدەن؛ ئاپئاق، گۈزەل.
**سىمىن** ــ كۈمۈش، كۈمۈشتىن ياسالغان؛ كۈمۈشتەك ئاق.
**سىنە** ــ يۈرەك، كۆكرەك، كۆكس؛ ئۆپكە.
**سىھھەت** ــ ساقلىق، سالامەتلىك، ساغلاملىق.
**سىھى** ــ تىك، تۈز.

## ش

**شاب** ــ يىگىت، نەۋقىران، ياش.
**شاش** ــ تاشكەنت شەھىرىنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى.
**شاكىر** ــ شۈكۈر قىلغۇچى، ياخشىلىقنى ياخشىلىق بىلەن قايتۇرغۇچى.
**شامىل** ــ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ تىگىشلىك؛ يېپىلغان؛ ئوراپ ئالغان.
**شانە** ــ تاغاق؛ قوۋۇرغا، دولا سۆڭىكى.
**شايەد** ــ ئېھتىمال بەلكى، چېغى.
**شايىستە** ــ مۇۋاپىق، لايىق، مۇناسىپ، مەقبۇل.
**شەب** ــ كېچە، تۈن، قاراڭغۇ.
**شەباب** ــ ياشلىق، يىگىتلىك.
**شەتتا** ــ تارقاق، چۇۋالچاق، چېچىلاڭغۇ.
**شەر** ــ گۇناھ، يامانلىق، ياۋۇزلۇق.
**شەرارە** ــ ئوت، يالقۇن، ئۇچقۇن، تاۋلىنىش، پارقىراش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شەرارەت ـــ يامانلىق، بۇزۇقلۇق؛ ئۇچقۇن، يالقۇن.
شەرەر ـــ شولا، يورۇقلۇق، ئۇچقۇن، يالقۇن.
شەش ـــ ئالتە.
شەفىئ ـــ شاپائەت قىلغۇچى، تىلىۋالغۇچى؛ ۋاستىچى، ھىمايىچى.
شەقاۋەت ـــ بەختسىزلىك، پاجىئەلىك؛ يارىماسلىق؛ ياۋۇزلۇق.
شەككەرخەندە ـــ تاتلىقتىنە كۈلۈش، ئوماقتىنە كۈلۈمسىرەش، تەبەسسۇم.
شەمامە ـــ خۇش پۇراقلىق، مەززىلىك.
شەمايىل ـــ خۇلقلار، سۈپەتلەر، تەبىئەتلەر، ئەخلاقلار.
شەمشاد ـــ تىك ۋە تۈز چىرايلىق ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ؛ يارنىڭ خۇش قامەت بويى، يارنىڭ چىرايلىق چېچى.
شەمئ ـــ شام، چىراغ، يورۇقلۇق، يورۇق.
شەھد ـــ ھەسەل، بال.
شەھرەۋەر ـــ پادىشاھلارنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى مەدھىيىلەش يۈزىسىدىن لەقەم ئورنىدا ئاتىلىشى.
شەھسەۋار ـــ ئاتلىق شاھ؛ چەۋەنداز، ئات مىنىشكە ماھىر.
شەۋق ـــ ئىشق، ھەۋەس، مۇھەببەت، تەلەپ، كۆڭۈل قويۇش، بېرىلىش، كۈچلۈك ھەۋەس، مۇھەببەت ئوتىنىڭ لاۋۇلدىشى.
شەيتەنەت ـــ شەيتانلىق، ئالدامچىلىق، يارىماسلىق، ئازدۇرغۇچىلىق.
شەيخ ـــ ئۇستاز؛ باشلىق؛ ئىشان؛ مازار باققۇچى؛ قېرى، ياشانغان.
شەيخۇ شاب ـــ قېرى ۋە ياش، ياشانغانلار ۋە ياشلار.
شەئشەئە ـــ نۇر، يورۇقلۇق، ئاپتاپ، شولا.

شور — چۇقان، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، قالايمىقانچىلىق، پاراكەندىچىلىك؛ قىزغىنلىق؛ چاڭقاق مۇھەببەت.

شورۇ شەر — پىتنە ـ پاسات، پىتنە ـ ئىغۋا، غەيۋەت ـ شىكايەت.

شۇئائ — يورۇقلۇق، شولا، نۇر سىزىقلىرى.

شۇئائى خەت — قۇياش ئەتراپىدىن تارقالغان نۇرلۇق (شولىلىق) سىزىقلار.

شۇد — بولدى.

شۇكۇفە — گۈل، غۇنچە، چېچەك.

شۇكۇھ — شۆھرەت، شەۋكەت، داڭق.

شۇئۇر — بىلىش، تۇيۇش، سېزىش، ئاڭلاش؛ پەم، ئىدراك، ھوش، ئەقىل.

شۇئلە — نۇر، شولا، يورۇقلۇق، يالقۇن.

شتاب — تېزلىك، سۈرئەت، ئالدىرىماق.

شىرەۋار — قەن ـ ناۋات ۋە مېۋە ـ چېۋىلەر، شېرىنلىكلەر، تاتلىق ـ تۈرۈملار.

شىشە — ئەينەك؛ پەنجىرە؛ بوتۇلكا، ئەينەك قۇتا.

شىكاف — چاك، دەز، تۆشۈك، يىرتىق.

شىكەن — سۇنۇق، پۈكۈك؛ بۇزۇلۇش؛ سۇندۇرغۇچى.

شىكۋە — شىكايەت، زارلانماق.

شىكىب — سەۋر، تاقەت، چىدام.

شىكىبا — سەۋرچان، تاقەتلىك، چىداملىق.

شىلقىم — بېزەك، يۈزى قېلىن، ئاچ كۆز، بىراۋنىڭ ھال ئەھۋالىغا باقماي نەرسە سورايدىغان.

شىۋە — ناز ـ كەرەشمە، ئەركىلەش، شوخلۇق؛ ھەرىكەت، پوزىتسىيە؛ ھىيلە ـ مىكىر؛ ئىشارەت؛ ئادەت، رەۋىش، يوسۇن؛ قانۇن ـ قائىدە؛ ئۇسلۇب؛ ئىستىل.

www.uyghurkitap.com

# غ

غارەت ــ تالان ـ تاراج، بۇلاڭچىلىق، قاراقچىلىق، ئولجا، غەنىيمەت.

غارەتگەر ــ بۇلاڭچى، قاراقچى، تاجاۋۇزچى، ھۇجۇم قىلغۇچى.

غازە ــ ئۇپا؛ ئەڭلىك.

غافىل ــ پەرۋاسىز، بىخۇد، غەپلەت باسقان، خەۋەرسىز، بىلمەي قالغان.

غاۋلاماق ــ ھوسۇلسىز، زىرائەتلەرنىڭ بويىغا ئۆسۈپ كېتىپ ھوسۇل بەرمەسلىكى.

غائى ــ ئەڭ ئاخىرقى، ئاداققى.

غەبغەب ــ ئېڭەك (ئاستىنقى لەۋنىڭ ئاستىنقى قىسمى).

غەبى ــ دۆت، ئەقىلسىز، تەنتەك.

غەددار ــ ئازغۇن، خائىن، ساتقۇن، ۋاپاسىز؛ زۇلۇم قىلغۇچى؛ ھىيلىگەر، ساختىپەز؛ خىيانەتكار.

غەرۇ ــ دەھشەتلىك نالە ـ پەرياد، شاۋقۇن ـ سۈرەن.

غەزالان ــ كىيىكلەر، جەرەنلەر.

غەزالە ــ چىشى كىيىك، غالجاق.

غەففار ــ كەچۈرگۈچى، مەغپىرەت قىلغۇچى، گۇناھىدىن ئۆتكۈچى.

غەفۇر ــ كەچۈرۈم قىلغۇچى، مەخپىرەت قىلغۇچى.

غەلەت ــ يالغان، خاتا، يېڭىلىش.

غەلتان ــ يۇمىلاق؛ ئايلانغۇچى.

غەمزە ــ ناز ـ كەرەشمە، جىلۋە.

غەمزەدا ــ قايغۇنى يوقاتقۇچى، خۇشاللىق ئاتا قىلغۇچى.

غەنى ــ باي، مولۇكدار.

غۇلام ــ يىگىت، ياش ئوغۇل بالا، خىزمەتكار يىگىت.

غۇلمان ــ يىگىتلەر، ئوغلانلار، ئوغۇل باللار.
غۇماي ــ ياۋا ئوت.
غىرىۋ ــ پەرياد، ۋارقىرىماق، چىرقىرىماق.
غىرىۋۇ فىغان ــ پەرياد ۋە پىغان، نالە ۋە زار.

## ف

فارىغ ــ بوش، بىكار، قۇرۇق؛ قۇتۇلغان، بوشىغان، يەڭگىللىگەن؛ ئورۇنداپ بولغان، تۈگەتكەن.
فاقە ــ يوقسۇزلۇق، كەمبەغەللىك، موھتاجلىق.
فەتانەت ــ ئەقلىي قابىلىيەت، زېھنى ئۆتكۈرلۈك، زېرەكلىك پاراسەت.
فەتتان ــ جەلىپكار، مەپتۇن قىلغۇچى، ئۆزىگە تارتقۇچى؛ پىتنىچى، ئارىنى بۇزغۇچى.
فەتھ ــ ئېچىش؛ ئېلىش؛ ئىشغال قىلىش، يېڭىش.
فەر ــ بېزەك، يارىشىق؛ ھەشەمەت، سۆلەت؛ نۇر، پارلاقلىق.
فەرامۇش ــ ئۇنتۇماق، ئەستىن چىقارماق.
فەرەھ ــ خۇشاللىق، شادلىق، قۇۋانچ.
فەرتۇت ــ بەك قېرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىشىدىن چىقىپ قالغانلىق.
فەرد ــ يەككە، يالغۇز.
فەردا ــ كەلگۈسى، كېلەچەك، تاڭلا.
فەرراش ــ خىزمەتچى، يۇگۇر - يېتىمچى؛ ئورۇن سالغۇچى؛ مەسچىت، مازار ۋە مەدرىسىلەرنى سۈپۈرۈپ تازىلىغۇچى.
فەرساي ــ ھالسىزلاندۇرغۇچى، چارچاتقۇچى.
فەرسۇدە ــ كونىرىغان، تىتىلغان، توزغىغان، ئەسكىرىگەن.

فەرش — گىلەم؛ كۆرپە؛ يايماق، يانتۇرماق، يېپىلغان، يانتۇز ۇلغان.

فەرىد — تەڭداشسىز، مىسلىسىز.

فەزائ — كەڭ، بوشلۇق، ئوچۇقلۇق؛ كەڭ زېمىن، چوڭ مەيدان؛ ئالەم بوشلۇقى، هاۋا.

فەزل — ئۈستۈنلۈك، ئەۋزەللىك، ئارتۇقلۇق؛ ئىلىم - پەن، تالانت.

فەزلە — ئارتۇق، زىيادە؛ بەدەندىكى كېرەكسىز ماددىلار.

فەسانە — هېكايە، داستان، چۆچەك، ئەپسانە، رىۋايەت؛ سەرگۈزەشتە.

فەۋت — ئۆتۈپ كەتمەك، يوقالماق، قولدىن كەتكۈزمەك. تۈگەپ كەتمەك.

فۇرقەت — ئايرىلىش، جۇدالىق، ئايرىلماق، مەهرۇم بولماق.

فۇرۇزى خەمسە — بەش پەرز؛ ئىمان ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ئۆشرە - زاكات بېرىش، هەج قىلىش قاتارلىق بەش مەجبۇرىيەت.

فۇرۇغ — نۇر، يورۇقلۇق، شولا.

فۇزۇن — ئارتۇق، زىيادە مول، چەكسىز، هېسابسىز، هەددىدىن ئارتۇق.

فۇنۇن — پەنلەر، پەنلەرنىڭ يىغىندىسى.

فۇۋۇرەن — تېزدىن، دەرهال.

فىردەۋس — باغ؛ جەننەت باغچىسى، سەككىز جەننەتنىڭ بىرىنىڭ نامى.

فىرىب — هىيلە، مىكىر، ئالدام، ئالداش، ساختا.

فىسق — بۇزۇقلۇق، ناپاكلىق.

فىشان — چاچقۇچى، تۆككۈچى.

فىكرەت — پىكىر، خىيال، پىكىر قىلىش، ئويلاش.

**فىگار** ـــ قىينالماق، ئازابلانماق؛ يارىلانغان، جاراھەتلىك، يارىدار.

# ق

**قارۇن** ـــ باي، تۈگمەس بايلىققا ئىگە بولغان بىر كىشىنىڭ ئىسمى.
**قاسىد** ـــ ئەلچى، خەۋەرچى، خەت توشۇغۇچى؛ ئىنتىلگۈچى، نىيەت قىلغۇچى.
**قالىب** ـــ قېلىپ؛ ئادەم بەدىنى؛ دانە، تال.
**قەبا** ـــ پەرىجە، تون، كەمزۇل.
**قەرىب** ـــ يېقىن، يېقىنلاشقان، قوشۇلغان.
**قەرىن** ـــ باغلانغان، قوشۇلغان، چېتىلغان؛ ئوخشاش . . . دەك؛ جۈپ، پار؛ ھەمرا، شېرىك.
**قەرىيە** ـــ يېزا، قىشلاق، ئاۋۇل.
**قەسەب** ـــ كاناپ رەخت؛ ئۈنچە؛ قومۇش؛ ئۆگە بوغۇم؛ كاناي، نەپەس يولى.
**قەلب** ـــ يۈرەك؛ باش، مېڭە؛ ئىچكى دۇنيا؛ غەيرەت، باتۇرلۇق، جۈرئەت؛ مەركەز، ئوتتۇرا؛ ئاستىن ـ ئۈستۈن بولماق؛ ئۆزگىرىش؛ يالغان، ئويدۇرما.
**قەلتەبان** ـــ زىنا قىلىشقا تونۇشتۇرغۇچى كىشى، ئىپلاس، رەزىل ئادەم.
**قەند ئالۇد** ـــ شېكەر ئارىلاشقان، قەنتدەك تاتلىق، شېرىن.
**قەۋى** ـــ كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك، پالۋان سۈپەت.
**قەيد** ـــ بەند، باغلانغان؛ كىشەن.
**قۇسۇر** ـــ قەسىرلەر، سارايلار، ئوردىلار؛ نۇقسان، كەمچىلىك.
**قۇفل** ـــ قۇلۇپ.

**قۇل - قۇل** ــ بۇلدۇق - بۇلدۇق، مەيىنىڭ ياكى سۇيۇق جىسىمنىڭ بوتۇلكا ئاغزىدىن چۇشكەن ئاۋازى.

**قىتئە** ــ پارچە، بۆلەك؛ غەزەل ياكى قىسىدىن ئاجرىتىپ ئېلىنغان بىر قىسىم بېيىت.

**قىتمىر** ــ بىر تال ئوت، بىر تال خەس؛ كۆپ ئەمەس؛ چوڭ ئەمەس؛ مۇھىم ئەمەس.

**قىران** ــ ئۆلۇش، قىرىلىش؛ ئۆلۇم؛ ئۆلتۇرۇش، قىرغىن قىلىش؛ دۆلەت، مەملىكەت؛ يېقىنلاشماق، بىرلەشمەك.

**قىسمەت** ــ بۆلۇش، تەقسىم؛ ھەسسە، ئۇلۇش.

**قىلۇ قال** ــ گەپ - سۆز، سۆز - چۆچەك، بىر - بىرىگە قارشى سۆزلەر.

## ك

**كار** ــ ئىش، خىزمەت، كەسىپ، ھەرىكەت؛ پايدا.

**كاست** ــ كەم، كەمچىل، يېتىشمەسلىك، كېمىيىش.

**كاشانە** ــ ئۆي، خانە، ئۇۋا، ماكان.

**كاكۇل** ــ چاچ، كوكۇلا.

**كام** ــ ئېغىز، تاڭلاي؛ مۇراد، مەقسەت، ئىستەك، تىلەك، ئارزۇ؛ بەھرىمەن بولۇش.

**كامران** ــ ۋۇجۇدقا چىققان، ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان؛ بەختلىك، بەختىيار؛ قۇدرەتلىك، ھۆكۇمران.

**كەبك** ــ كەكلىك.

**كەبكى دەرى** ــ تاغ كەكلىكى.

**كەبۇد** ــ ئاسمانغا ئوخشاش.

**كەرامات** ــ كارامەتلەر.

**كەرامەت** ــ سېخى، مەرد، كۆكسى - قارنى كەڭ؛ قەدىر، قىممەت، ھۆرمەت، ئېھتىرام، ئابرۇي، يۈز؛ مۆجىزە، كارامەت.

**كەران** — يىراق، نېرى؛ چېگرا، ئۆلكە؛ ئۇچ، ئۇپۇق، ئەڭ چەت بۇلۇڭ؛ دېڭىز قىرغىقى.

**كەرەم** — مەرھەمەت؛ ئېھسان، ياخشىلىق، سېخىيلىق، ئۇلۇغلۇق.

**كەردار** — ئىش، ھەرىكەت، قىلىق، قىلماق، ئەتمەك، ئۇسۇل، ئىستىل.

**كەردە** — ئورۇنداپ بولغان، قىلىپ بولغان؛ ھەرىكەت.

**كەرىم** — ئالىيجاناب، مەرد، سېخى؛ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەر.

**كەز** — قالتىس.

**كەزلىك** — قەلەمتىراچ، كىچىك پىچاق.

**كەسافەت** — قويۇقلۇق، قېلىنلىق، زىچلىق، تولۇقلۇق؛ بۇلغانغان، ئەخلەت، تەرەت (نىجاسەت).

**كەسر** — سۇنماق، ئۇشتۇلماق؛ سۇنۇقلۇق، غەمكىنلىك، شىكەستىلىك، جاراھەتلىك.

**كەسرەت** — كۆپ، ئارتۇق، نۇرغۇن، مول.

**كەف** — قول، ئالىقان؛ يۈز، سىرت، ئۈست؛ تاپان؛ چاۋاك؛ بىر ئوچۇم، بىر باغلام؛ تاختاي.

**كەلەۋە** — چاقتا ئېگىرىلىپ تەكشىلىنىپ ئورالغان يىپ ياكى ئىپەك.

**كەلىسا** — خرىستىئانلار ئىبادەتخانىسى.

**كەمەند** — سىرتماق، سالما.

**كەمياب** — تاڭسۇق، نادىر، كەم تېپىلىدىغان، ئاز، بەكلا.

**كەنار** — يىراق، چەت، قىرغاق، گىرۋەك؛ قۇچاقلاشماق.

**كەھكەشان** — سامان يولى.

**كەۋسەر** — جەننەتتىكى بىر بۇلاقنىڭ نامى.

**كەۋكەب** — يۇلتۇز.

**كۇتتاب** — كاتىپلار، يازغۇچىلار، پۈتۈكچىلەر.

**كۇشا** — تىرىشچان، ئىجتىھاتلىق.

كۇشاد ــ ئوچۇق، كەڭ، ئازادە؛ ئۇتۇق، مۇۋەپپەقىيەت، غەلىبە.

كۇشاكەش ــ تىرىشچان، ئىجتىهاتلىق.

كۇشتە ــ جەسەت، ئۆلتۈرۈلگەن؛ نەرسىلەرنى ئېزىپ ئارىلاشما هالەتتە ياسالغان دورىلار.

كۇلچە ــ گىردە، يۇمىلاق نان، يۇمىلاق.

كۇللى ــ پۈتكۈل، بارلىق، جىمىكى، هەممە.

كۇنج ــ بۇلۇڭ، پۇچقاق.

كۇھ ــ تاغ.

كۇھسار ــ تاغلار، تاغلىق جايلار.

كۇھكەن ــ تاغ قازغۇچى؛ پەرهات.

كۇھل ــ سۈرمە، پەرداز بۇيۇمى.

كىرام ــ ئۇلۇغلار، قەدىرلىكلەر، هۆرمەتلىكلەر.

كىردار ــ قىلىق، هەرىكەت، ئىش.

كىسۋەت ــ كىيىم ـ كېچەك، ئۇستىۋاش.

كىشۋەر ــ ئىقلىم، مەملىكەت، ۋىلايەت.

## گ

گاۋ ــ ئۆكۈز، كالا.

گەبر ــ ئاتەشپەرەس، ئوتقا چوقۇنغۇچى.

گەران ــ ئېغىر، ۋەزمىن؛ قىممەت؛ ئەزىز.

گەرد ــ چاڭ ـ توزان، توپا؛ ئۇۋاق؛ ئۇپا.

گەردۇن ــ ئاسمان ـ پەلەك، كۆك؛ دۇنيا؛ تەقدىر، قىسمەت.

گەرم ــ قىزىق، ئىسسىق؛ قىزغىن، يېقىملىق، ئوچۇق چىراي؛ چاققان؛ ئاچچىقى يامان.

گەلە ــ پادا، توپ.

گەنج ــ بايلىق، قىممەت باهالىق كەم تېپىلىدىغان نەرسە.



www.uyghurkitap.com

گەندە ــ يارىماس، ئەرزىمەس؛ سېسىق؛ يامان.
گوي ــ توپ، چەۋگان ئويۇندا ئوينىلىدىغان توپ.
گۆداز ــ كۆيگۈچى، ئېرىگۈچى؛ كۆيۈش، ئېرىش.
گۇستاخ ــ ئەدەپسىز، تارتىنمايدىغان، ھېيىقمايدىغان؛ ھاكاۋۇر؛ ئەدنشىسىز.
گۇشە ــ يوشۇرۇن، پىنھان، خىلۋەت، بۇلۇڭ ـ پۇچقاق.
گۇفتار ــ گەپ ـ سۆز، سۆزلەش، گەپ قىلىش، سۆھبەت.
گۇلئەندام ــ گۈزەل، چىرايلىق، خۇش پىچىم، كېلىشكەن، نەپىس.
گۇلبار ــ ئۆزبېك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ نامى.
گۇلباڭ ــ سۇزۇك ۋە ساز ئاۋاز، بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى.
گۇلجەبىن ــ گۈل يۈزلۈك، گۈزەل، چىرايلىق.
گۇلفام ــ گۇلدەك، گۇلگە ئوخشاش، گۈل رەڭ، قىزغۇچ.
گۇلگەشت ــ گۇلزارلىق، گۇللىرى ئېچىلىپ تۇرىدىغان گۈزەل مەنزىرىلىك جاي، ساياھەتگاھ.
گۇليار ــ ئۆزبېك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ نامى.
گۇمراھ ــ يولدىن چىققان، يولدىن ئاداشقان، يولدىن ئازغان.
گۇن ــ . . . رەڭلىك، . . . تۇستىكى، . . . بوياقدىكى.
گۇنا گۇن ــ خىلمۇخىل، رەڭمۇرەڭ، تۇرلۇك ـ تۇمەن.
گۇنجى غەم ــ غەمگە تولغان، غەمگە پاتقان، غەمنىڭ كۆپلۈكىدىن.
گۇھەر ــ گۆھەر، چىنتاش؛ ئۈنچە، بىرلىيانت، قىممەتلىك تاش.
گۇھەر ئەفشان ــ گۆھەر چاچىدىغان، نۇرلىنىپ تۇرىدىغان؛ گۈزەل ۋە مەنىدار قىممەتلىك سۆزلەرنى ئېيتىدىغان.

گىربان — ياقا (كىيىمنىڭ ياقىسى).

گىريان — يىغلىغان، ياش تۆككەن.

گىريە — يىغا، يىغلىماق، ياش، ياش ئاققۇزماق؛ ئۆزبېك خەلق كۈيلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

گىژبەك — كولدۇرمىلارنىڭ جاراڭلىق ھەم ياڭراق كولدۇرلىغان ئاۋازى.

گىيسۇ — ئۆرۈلگەن چاچ، چاچ ئۆرۈملىرى.

## ل

لالەگۇن — قىزىل، لالەرەڭ، لالىگە ئوخشاش.

لامەكان — ماكانسىز، جايسىز؛ بوشلۇق.

لامىئ — پارلاق، يالتىراق، پارقىراپ تۇرىدىغان.

لايەزال — پۈتمەس - تۈگىمەس، ئەبەدىي، مەڭگۈ.

لەتائىف — لەتىپىلەر.

لەزگى — خارەزمىنىڭ شوخ مۇزىكىلىرىدىن بىرى ۋە شۇ مۇزىكىغا ئورۇندالغان ئۇسۇلنىڭ نامى.

لەف — ئورىماق، تۈگمەك، بوغچا ئىچىگە سالماق؛ مىلەنمەك.

لەفز — سۆز، ئاغزاكى سۆز، گەپ؛ ئىپادە.

لەيلە — يالغۇز بىر كېچە.

لەئب — ئويۇن.

لەئل — قىزىل، لەئل، ياقۇت، جاۋاھىر، ياقۇتتىن ياسالغان.

لەئلى بەدەخشان — بەدەخشان ۋىلايىتىدىن چىقىدىغان داڭلىق قىزىل ياقۇت.

لۇتف — مۇلايىملىق، يۇمشاقلىق، ياخشى كۆڭۈل، ياخشى نىيەت، رەھىمدىللىك، كەڭلىك، ياخشى مۇئامىلە، ياخشى پوزىتسىيە.

لۇل ـــ هاياسىز، ئۇياتسىز، نومۇسسىز.
لۇلى ـــ كوچىلاردا ناخشا ئېيتىپ يۈرگۈچى ئايال؛ پاھىشە.
لىقائ ـــ كۆرۈشمەك، قۇچاقلاشماق، يولۇقماق؛ يۈز.

## م

ماتەم سەرا ـــ قايتۇرغۇچى، ھەسرەتلەنگۈچى، ماتەم تۇتقۇچى.
ماجەرا ـــ ۋەقە، ھادىسە، ماجىرا، جېدەل، جاڭجال؛ قارامىلىق، تەۋەككۈلچىلىك.
مادام ـــ بار، بارلىق؛ ھەمىشە، دائىم؛ ھەممىسى؛ ۋاقتىنچە.
مار ـــ يىلان.
ماسىۋا ـــ باشقا، ئۆزگە، غەيرى.
ماغار ـــ كۆكىرۈپ قالماق، بىخسىپ قالماق، بۇزۇلماق، چىرىمەك، ئېچىپ قالماق، دات باساق.
مانەند ـــ كەبى، ئوخشاش، تەڭداش، ئەينى، . . . دەك . . . تەك.
ماھ ـــ ئاي؛ گۈزەل، چىرايلىق.
ماھرو ـــ ئاي يۈزلۈك، گۈزەل، چىرايلىق.
ماھۇ سال ـــ ئاي ۋە يىل.
ماھۋەش ـــ ئايغا ئوخشاش، گۈزەل؛ يار.
مەئال ـــ نەتىجە، ئاقىۋەت، ئاخىر، خۇلاسە.
مەتائ ـــ نەرسە، ئەشيا، تاۋار، سېتىلىدىغان مال، ماتا؛ مۈلۈك؛ مەززىلىك يىمەكلىك.
مەتلەب ـــ مەسىلە، ئىش؛ مەزمۇن؛ تىلەك، ئارزۇ، ئىستەك، مەقسەت، مۇددىئا.
مەتئۇم ـــ يىمەكلىك، ئوزۇقلۇق.
مەجازىي ـــ كۆچمە مەنىدىكى، كىنايە قىلىنغان، ئوخشىتىلغان؛ ياسىما، ئويدۇرما.

مەخزەن — خەزىنە، ئامبار، مال قويىدىغان ئورۇن.
مەخمۇر — مەست، كەيپ، مەستلىكى تولۇق تارقالمىغان.
مەدارىس — مەدرىسىلەر، مەكتەپلەر (دىنىي مەكتەپلەر).
مەدفۇن — كۆمۈلگەن، دەپنە قىلىنغان، تۇپىغا كۆمۈلگەن؛ يوشۇرۇپ قويۇلغان، يوشۇرۇلغان.
مەراتىب — مەرتىۋىلەر، دەرىجىلەر، قېتىملار؛ سالاھىيەتلەر، ئەمەللەر، ئورۇنلار، مەنسەپلەر؛ ئەھۋال، ئەينى ئەھۋال.
مەرد — ئەر، ئەر كىشى؛ مەرد، باتۇر، غەيرەتلىك، ھىممەتلىك.
مەردۇد — رەت قىلىنغان، قايتۇرۇلغان، قوغلانغان؛ مەلئۇن.
مەردۇم — خەلق، كىشى، ئادەم، كىشىلەر، ئادەملەر؛ كۆز قارىچۇقى، كۆز گۆھىرى.
مەرغۇب — خۇش كۆرۈلگەن، ئارزۇ قىلىنغان؛ سۆيەتلىك، ئەلا دەرىجە؛ راۋان؛ قىززىق؛ يېقىملىق، سۆيۈملۈك.
مەرغول — چىرمالغان؛ بۇدۇر چاچ، جىڭگىلەك چاچ.
مەرقەد — ئۇخلايدىغان جاي، ياتىدىغان ئورۇن، كارىۋات؛ گۆر، قەبرە، مازار.
مەرقۇم — يېزىلغان، بايان قىلىنغان، سۆزلەنگەن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان، رەقەملەنگەن، خاتىرىلەنگەن.
مەركەب — ئات، ئات - ئۇلاغ، مىنىلىدىغان ھايۋان.
مەرھەم — مەلھەم، جاراھەتكە چاپلىنىدىغان ياكى سۈرتۈلىدىغان دورا.
مەرۋە — خۇش خەۋەر.
مەرىز — ئاغرىق، كېسەل، دەرد - ئەلەم؛ ئاجىز.
مەزەللەت — تۆۋەنلىك، خورلۇق، كەمسىتىلىش، خارلىنىش، ئەرزىمەس.
مەزرەئە — تېرىلغۇ يەر، ئېتىز؛ يەر؛ تېرىقچىلىق.
مەزھەر — تاشقى كۆرۈنۈش، سىرت، ھادىسە؛ ئىپادە، گەۋدىلىنىش؛ كۆزقاراش.



www.uyghurkitap.com

**مەزىد** ـــ ئارتۇق، كۆپ، كۆپەيگەن.
**مەساجىد** ـــ مەسچىتلەر.
**مەسائە** ـــ كەچ، ئاخشام.
**مەستۇر** ـــ يوشۇرۇلغان، مەخپى، پەردە ئىچىگە ئېلىنغان، كىشىگە كۆرۈنمەيدىغان، يېپىق، يېپىلغۇچى، قاپلانغان، بېكىتىلگەن؛ رەتكە تىزىلغان، قۇرلارغا كۆچۈرۈلگەن، سىزىلغان.
**مەسەررەت** ـــ شادلىق، سۆيۈنۈش، خۇشاللىق.
**مەسرۇر** ـــ سۆيۈنگەن، شادلانغان، خۇشال بولغان، خۇررەم.
**مەسكەن** ـــ ماكان، تۇرار جاي، ئۆي، قورۇ.
**مەسنەد** ـــ يۈكسەك دەرىجە، يۇقىرى ئورۇن؛ تەخت؛ ھۆكۈمرانلىق ئورنى؛ تايانچ.
**مەسھ** ـــ قول سۇرتۇش، قول بىلەن سىيپاش، تەرەت ئالغاند[illegible] باشنى يۇيۇش، قول بارماقلىرى بىلەن مەسھ تارتىش.
**مەسىھ** ـــ سىلىغۇچى؛ ئىيسا پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى.
**مەسىھا** ـــ سىلىغۇچى، پاناھ بولغۇچى؛ ئىيسا پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى.
**مەشام** ـــ بۇرۇن، دىماغ، پۇراش ئورنى، بۇرۇن تۆشۈكى.
**مەشرەب** ـــ ئادەت، تەبىئەت، خۇلق، ھال، رەۋىش.
**مەشۋەرەت** ـــ كېڭەش، مەسلىھەت، كېڭىشىش، مەسلىھەتلىشىش.
**مەغفىرەت** ـــ ئەپۇ قىلىش، كەچۈرۈش، گۇناھىدىن ئۆتۈش، رەھىم قىلىش.
**مەغمۇم** ـــ غەمكىن، قايغۇلۇق، غەم باسقان.
**مەقام** ـــ ئورۇن، تۇرۇشلۇق جاي، يەر، ماكان؛ ئىدارە؛ مەنزىل؛ ئۇنۋان؛ دەرىجە، مەنسەپ؛ مۇقام، كۈي، ئاھاڭ.
**مەقدەم** ـــ مەلۇم جايدىن قايتىش، قەدەم قويۇش، قەدەم قويغان جاي ۋە پەيت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

مەقدۇم ــ ئىمكانىيەت، مۇمكىنچىلىك؛ قولدىن كېلىدىغان، كۈچلۈك، قۇدرەتلىك.
مەقهۇر ــ مەغلۇپ بولغان، يېڭىلگەن، بويسۇندۇرۇلغان. قەھر ـ غەزەپكە ئۇچرىغان.
مەكارە ــ بازار، كىچىك بازار (يېزا بازارلىرى).
مەكتۇم ــ يوشۇرۇلغان، سىر تۇتۇلغان، مەخپى.
مەكرۇھ ــ نەپرەتلىك، كۆڭلى تارتمىغان.
مەلاھەت ــ يېقىملىق، ئوماقلىق، گۈزەللىك، تاتلىقلىق.
مەلائىك ــ پەرىشتىلەر.
مەلەخ ــ زىيانداش ھاشارات.
مەملۇ ــ تولغان، توشقان، تولۇق.
مەنال ــ دۇنيا، بايلىق.
مەنزەر ــ كۆرۈنۈش، سۈرەت، شەكىل؛ ئايۋان، بالكون؛ كۆزەتخانا.
مەنزۇر ــ نەزەرگە ئېلىنغان، كۆزگە ئېلىنغان، ئېتىبار بىلەن قارالغان؛ دەلىللەنگەن.
مەنزۇمە ــ شېئىرلار توپلىمى.
مەھ ــ ئاي؛ چىرايلىق، گۈزەل، كۆركەم.
مەھەك ــ تاش (ئالتۇن كۇمۇشلەرنىڭ ساپلىقىنى ئايرىش ئۈچۈن بۇ خىل مېتاللارنى سۈركەيدىغان تاش).
مەھتاب ــ ئاي نۇرى، ئاي يورۇقى، ئايدىڭ؛ ئاي؛ يالتىراق، پارقىراق، جۇلالىق، نۇرلۇق.
مەھجۇر ــ ئايرىلىپ قالغان، جۇدا بولغان، يىراقتا قالغان.
مەھر ــ تويلۇق، تويلۇق مال.
مەھرەم ــ يېقىن، سىرداش، دوست، تۇغقان، قانداش.
مەھز ــ خالىس، ساپ، تازا؛ نوقۇل، پەقەت، يالغۇز؛ پۈتۈنلەي.
مەھزۇن ــ غەملىك، قايغۇلۇق، خاپا، غەمكىن.

مەھفىل — جاي، مەنزىل، سورۇن؛ مەجلىس، بەزمە؛
ئۆمەك، ئۇيۇشما، جەمئىيەت.

مەھفىل ئارا — بەزمىنى قىزىتقۇچى.

مەھمىز — ئاتنى ماڭدۇرۇش، دېۋىتىش ئۈچۈن ئۆتۈككە
ئورنىتىلغان ھالقا.

مەھۋ — تۈگەتمەك، يوقاتماق؛ يوقالماق، غايىب بولماق؛

مەھۋەش — ئاي يۈزلۈك، چىرايلىق، ئايغا ئوخشايدىغان.

مەۋاد — ماددىلار، نەرسىلەر، مەسىلىلەر، ئىشلار، نەرسىنىڭ
ئەسلى، تۈۋى، يىلتىزى.

مەۋازىئ — ئورۇنلار، جايلار، يەرلەر، ماكانلار.

مەۋت — ئۆلۈش، ۋاپات بولۇش.

مەۋرىد — يول، كېلىدىغان، كېلىدىغان ئورۇن.

مەۋزۇن — چىرايلىق، كېلىشكەن؛ ۋەزىنلىك، ۋەزىنگە
سېلىنغان ئۆلچەملىك، ئۆلچەنگەن.

مەۋسۇل — تۇتاشتۇرۇلغان، قوشۇلغان؛ بىرلەشكەن،
ئىتتىپاقلاشقان، قوۋۇشقان.

مەۋلەۋى — ئىگە، خوجا، ساھىب؛ ئالىملار ياكى سوپىلارغا
بېرىلىدىغان ئاتاق ياكى ئۇنۋان.

مەيگۇن — قىزىل، مەي رەڭلىك.

مەييال — بىرەر ئىشقا بەك بېرىلىپ كەتكۈچى، كۆڭۈل
قويغان.

مەئتەل — توختاپ قالغان، توختىتىلغان.

مەئجەر — نىقاب؛ پەنجىرە.

مەئدۇم — يوق بولغان، مەۋجۇت بولمىغان، يوقىتىلغان.

مەئرۇز — كۆرسىتىلگەن، كۆز ئالدىغا قويۇلغان؛ ئەرز،
ئەرز قىلىنغان.

مەئزۇر — ئەپۇ قىلىنغان، كەچۈرۈم قىلىنغان، قوبۇل
قىلىنغان.

مەئسىيەت ــ خاتا، گۇناھ، گۇناھلىق؛ ئىسيان، ئاسىيلىق، ئىسيانكارلىق.
مەئلۇل ــ خاتالىق، گۇناھلىق، ئىللەتلىك؛ ئاغرىق، كېسەل.
مەئۋا ــ باشپاناھ؛ تۇرار جاي، ئورۇن؛ سەككىز جەننەتنىڭ بىرىنىڭ نامى.
مۇئەسسىر ــ يېقىملىق، تەسىرلىك، يۈرەككە تەسىر قىلغۇچى، قەلبىدە ئىز قالدۇرغۇچى.
مۇئەللا ــ يۈكسەك، ئېگىز، ئالىي.
مۇئەنبەر ــ خۇش پۇراقلىق، ئەنبەردەك پۇراقلىق، خۇش پۇراق ماتېرىياللار بىلەن پۇراقلىق قىلىنغان.
مۇتائىبە ــ چاقچاق، ياپتا گەپ، قاراتما سۆز، ھەزىل.
مۇتەخىر ــ ئاخىرقى، كېيىنكى، كېچىككەن، ئارقىدا قالغان.
مۇتەسسەل ــ ئۇدا، كەينى ـ كەينىدىن، ئارقا ـ ئارقىدىن، بەك يېقىن.
مۇتتەسىل ــ تۇتاش، ئۈزلۈكسىز، ئارقىمۇ ئارقا، دائىم.
مۇتەھھەر ــ تازىلانغان، پاكلانغان، پاكىز، پاك.
مۇترىب ــ سازەندە، چالغۇچى، كۈيچى، ناخشىچى.
مۇجتەھىد ــ تىرىشقۇچى، ئىجتىھات قىلغۇچى.
مۇخالىف ــ قارشى، زىت، ئەكسى، ئوخشىمايدىغان، مۇۋاپىق كەلمەيدىغان، مۇۋاپىق بولمىغان.
مۇختار ــ ئەركىن، ئازادە، مۇستەقىل.
مۇختەسەر ــ قىسقا، ئىخچام، قىسقارتىلغان، ئىخچاملانغان.
مۇدام ــ دائىمىي، ئۇزاق زامان تۇرغۇچى.
مۇر ــ چۈمۈلە، ئۇششاق جانىۋار؛ ئاچچىق، تەمسىز.
مۇراقەبە ــ كۆزىتىش، كۈتۈش، كۈتۈپ تۇرۇش؛ ئويغا پېتىش، پىكىر قىلىش.



www.uyghurkitap.com

**مۇرسەلىن** — ئەلچىلەر، پەيغەمبەرلەر، ئەنبىيالار.

**مۇرشىد** — يول كۆرسەتكۈچى، توغرا يولغا باشلىغۇچى، پىر، ئىشان.

**مۇرغ** — ئۇچار قانات، قۇش، پەرزەنت، توخۇ.

**مۇرۇۋۋەت** — ئالىيجانابلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، ئادەمگەرچىلىك، سېخىيلىق، مەردلىك، باتۇرلۇق.

**مۇرىق** — تەسىرلىك، ئېرىتكۈچى.

**مۇزەههەب** — ئالتۇندىن ياسالغان، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن.

**مۇزتەر** — ئامالسىز، چارىسىز، قىيىن ئەھۋالدا قالغان، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان، ئىختىيارى ئۆزىدە بولمىغان، مەجبۇرلانغان.

**مۇزتەرىب** — تىترىگەن، بىر - بىرىگە ئۇرۇلغان، تەشۋىشتە قالغان، تىنچسىزلانغان، قىسىلغان، قارارسىزلانغان.

**مۇزد** — ئىش ھەققى، ھەق، تۆلەم.

**مۇزر** — زىيانلىق، زەرەرلىك، پايدىسىز.

**مۇژدە** — خۇش خەۋەر.

**مۇسەخخەر** — بويسۇندۇرۇلغان، كۆندۈرۈلگەن.

**مۇسەففا** — سۈزۈك، پاكىز، تازا، ساپ، يىقىملىق، تازىلانغان، ساپلاشتۇرۇلغان، ناچار نەرسىلەردىن ئايرىلغان.

**مۇسەللەم** — بويسۇندۇرۇلغان، قايىل قىلىنغان، تەسلىم قىلىنغان؛ شۈبھىسىز، ئىشەنچلىك.

**مۇستەدام** — دائىم، ھەمىشە، ئۈزلۈكسىز، ئەزەلدىن.

**مۇستەفا** — ئىلغانغان، تاللانغان، سايلانغان، ئىختىيار قىلىنغان.

**مۇستەمەند** — بىچارە، ئامالسىز قالغان، موھتاج؛ غەمكىن، قايغۇلۇق، گىرىپتار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇسهەف ــ قۇرئان؛ كىتاب.
مۇسىقە ــ مۇزىكا، مۇزىكا ئەسۋابلىرى، چالغۇ، ساز.
مۇسقار ــ چالغۇ ئەسۋابىنىڭ نامى؛ ئاۋازى ساز ئاۋازىغا
ئوخشايدۇ دەپ پەرەز قىلىنغان ئەپسانىۋى قۇش.
مۇشتاق ــ ياخشى كۆرگۈچى، قىزىققۇچى، ئارزۇ قىلغۇچى،
تىلىگۈچى، ئىشتىياق باغلىغان.
مۇشفىق ــ شەپقەتلىك، مېھرىبان، مەرھەمەتلىك، مۇلايىم.
مۇشك ــ قارا رەڭلىك ئىنتايىن خۇش پۇراق نەرسە؛ چاچ،
كۆزنىڭ گۆھىرى.
مۇغ ــ مەيپۇرۇش؛ ئاتەشپەرەس، ئوتقا چوقۇنغۇچى،
مەجۇسى.
مۇغان پىرى ــ مەيخانىچى («پىرى مۇغان»مۇ دېيىلىدۇ).
مۇغتەنەم ــ قولايلىق، پايدىلىق؛ غەنىيمەتلىك، پەيت،
پۇرسەت؛ مۇۋەپپەقىيەتلىك.
مۇقابىل ــ قارشى، قارشى تۇرغۇچى، زىت.
مۇقەددەر ــ تەقدىرگە پۈتۈلگەن، تەقدىردىكى.
مۇقەررەب ــ يېقىن، سىرداش، دوست، سۆھبەتداش.
مۇقەللەد ــ تەقلىد قىلىنغان، دورالغان، تەقلىد قىلغۇچى،
دورىغۇچى، ئوخشاتقۇچى.
مۇقەۋۋەس ــ قايرىلغان، ئېگىلگەن؛ تىرناققا ئوخشاش،
ياىغا ئوخشاش.
مۇقەييەد ــ باغلانغان، ئۇلانغان، چېتىلغان، كىشەنلەنگەن.
مۇقتەدا ــ ئەگەشكۈچى، بويسۇنغۇچى، ئىقتىدا قىلغۇچى.
مۇكەررەر ــ تەكرار، يېنىپ ـ يېنىپ، قايتا ـ قايتا،
يېنىشلاپ.
مۇكەررەم ــ ئىززەتلىك، ئابرۇيلۇق، ھۆرمەتلىك،
قەدىرلىك.

مۇلازىم — بىر ئىشقا يېپىشقۇچى، بىر جايدىن ياكى بىر ئىشتىن ئايرىلماي تۇرغۇچى، داۋاملاشتۇرغۇچى؛ خىزمەتكار.
مۇلتەز — لەززەتلەنگەن، بەھرىمەن بولغان، راھەتلەنگەن.
مۇلتەمەس — ئىلتىماس قىلىنغان، سورالغان، ئۆتۈنۈلگەن.
مۇلزەم — مات بولغان، تالاش - تارتىشتا يېڭىلگەن.
مۇللا — يېتىشكەن ئالىم، ھەزرەت.
مۇنەۋۋەر — نۇرلۇق، نۇرلانغان، پارلاق، يورۇق، روشەن.
مۇنتەزىر — ئىنتىزار بولغۇچى، تەلمۈرگۈچى، ساقلاپ تۇرغۇچى.
مۇنفەئىل — ئازار يېگەن، كۆڭلى ئاغرىغان، خاپا بولغان.
مۇنكىر — تانغۇچى، ئىنكار قىلغۇچى، تانغان، ئىنكار قىلغان.
مۇنىس — دوست، ھەمدەم، سىرداش، يېقىن، بۇرادەر.
مۇھەييا — تەييار، تەييارلانغان.
مۇھەييىر — ھەيران قالدۇرغۇچى.
مۇھتەمەل — مۇمكىن، ئېھتىمال، چېغى.
مۇھلىك — ھالاك قىلغۇچى، ئۆلتۈرگۈچى، يوقاتقۇچى.
مۇھىب — سۆيگۈچى، يارانقۇچى.
مۇئتاد — ئادەت، ئادەتلەنگەن، ئۆگەنگەن.
مىژگان — كىرپىك، كىرپىكلەر.
مىنا — شېشە؛ كۆكۈمتۇل، ھاۋارەڭ.
مىنقار — قۇشنىڭ تۇمشۇقى.
مىئراج — شوتا، پەلەمپەي، باسبالداق؛ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ كۆككە چىقىشى.
مىيان — ئوتتۇرا، بەل، مەركەز، ۋاستە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ن

**ناب** ـــ ساپ، پاكىز، ئوچۇق، تازا؛ خالىس.

**نادىرە** ـــ قىزىق، تاڭسۇق؛ تەنە گەپ، كۈلكىلىك سۆز.

**نادىم** ـــ نادامەت چەككۈچى، ئۆكۈنگۈچى، پۇشايمان قىلغۇچى.

**نار** ـــ ئوت، يالقۇن، گۈلخان.

**ناردان** ـــ ئاچچىق؛ تەملىك، مەززىلىك؛ چۈچۈك.

**ناز** ـــ گۈزەللىك، نەپىسلىك؛ مەغرۇرلۇق؛ ئەركىلىمەك؛ ئۆزبېك خەلق كۈيلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

**نازىر** ـــ قارىغۇچى، كۆزەتكۈچى، بايقىغۇچى؛ باشقۇرغۇچى.

**ناسازا** ـــ ناچار، ناباب.

**نافە** ـــ كىندىك، كىيىك كىندىكى.

**نال** ـــ قومۇش، شېكەر قومۇشى.

**نامەھرەم** ـــ يات ئادەم، غەيرىي ئادەم.

**ناھى** ـــ تىلشۇناس.

**ناۋەك** ـــ ئوق، كامان ئوقى؛ كىرپىك.

**نائىل** ـــ ئېرىشكەن، ئېرىشىش، ئىگە بولۇش.

**ناياب** ـــ تەڭداشسىز، ئاز ئۇچرايدىغان، باھاسىز.

**نەئەم** ـــ دەل شۇنداق، دەل ئۆزى، بەللى؛ نىمەتلەم.

**نەبات** ـــ ئۆسۈملۈك، مايسا، ئوت - چۆپ؛ ناۋات، تاتلىق.

**نەبى** ـــ پەيغەمبەر؛ ئەۋلىيا، ئالدىن بىلگۈچى، ئەلچى.

**نەخل** ـــ كۆچەت، دەرەخ، خورما دەرىخى.

**نەدىم** ـــ يېقىن، سىرداش، دوست، سۆھبەتداش؛ مەسلىھەتچى.

**نەر** ـــ ئەركەك، ئەر.

**نەرد** ـــ شاھمانقا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇتۇشماق ئويۇنى، دامكا.

نەرگىس ــ ئاق چېچەكلىك گۈل، سۇس سېرىق چېچەكلىك گۈل.
نەزارە ــ قارىغۇچى، كۆزگۈچى، تاماشىچى.
نەزاھەت ــ پاك، ساپ، تازا، خۇش پۇراق.
نەزد ــ ئالدى؛ يان، قاش، يېقىن.
نەزئ ــ يۇلۇۋېلىش، تارتىۋېلىش، سويۇۋېلىش، ئېلىش.
نەزئى جان ــ جان تالىشىش.
نەسىم ــ تاڭ شامىلى، مەيىن شامال، سالقىن شامال.
نەشات ــ خۇشاللىق، شادلىق، سۆيۈنچ، روھلۇق.
نەشئە ــ خۇشاللىق، شادلىق، زوق، ھۇزۇر، كەيپ، سۆيۈنچ، مەست بولماق.
نەشئۇ نەمائ ــ ئۆسمەك، زورايماق.
نەفخ ــ پۈدىمەك.
نەقد ــ ئەڭ قىممەتلىك بايلىق؛ نەق پۇل؛ بايلىق.
نەكھەت ــ خۇش پۇراق، خۇشبۇي.
نەمائ ــ كۆپەيمەك، ئۆسمەك، ئارتماق، ئاشماق.
نەمەك ــ تۇز.
نەمۇدار ــ كۆرۈنمەك، كۆرۈنۈپ تۇرغان، ئېنىق، روشەن.
نەھار ــ كۈندۈز، چۈش ۋاقتى.
نەھى ــ چەكلىمەك، مەنئى قىلماق، رۇخسەت قىلىنمىغان.
نەۋ ــ يېڭى؛ تۇر، خىل، سورت؛ ئوتتۇراھال؛ ياخشى.
نەۋا ــ كۈي، ئاھاڭ، مۇزىكا، ناخشا؛ ئۈن، ئاۋاز، سادا؛ نالە، پەرياد؛ بايلىق؛ لەززەت؛ ئەۋلاد؛ كلاسسىك مۇقاملاردىن بىرىنىڭ نامى.
نەۋنىھال ــ كۆچەت، يېڭى چىققان دەرەخ؛ ياش يىگىت؛ ياش قىز.
نەۋھە ــ زارلانماق، قاقشىماق، يىغا ـ زار، مۇڭلۇق يىغا؛ ھۆڭرەپ يىغلاش، نالە ـ پەرياد قىلىش.

www.uyghurkitap.com

نەۋئى — خىل، تۈر، سورت.
نەي — قومۇش، قوراي.
نەي شەككەر — شېكەر قومۇشى.
نەئت — سۈپەتلەش، تەرىپلەش، ماختاش، سۈپەت.
نۇش — ئىچمەك؛ لەززەت، زوق؛ شېرىن، تاتلىق، ھەسەل.
نۇقرە — كۈمۈش.
نۇكتە — گەپ، سۆز، ھېكمەتلىك سۆز.
نۇكتەدان — ناتىق، سۆزمەن، سۆزگە ئۇستا؛ ھېكمەت ئىگىسى، دانىشمەن، زېرەك، ئەقىللىق.
نوما — كۆرسەتكۈچى، بىلدۈرگۈچى.
نىسار — چاچماق، تارقاتماق؛ پىدا قىلماق، قۇربان قىلماق؛ باشتىن پۇل ئۆرۈمەك.
نىش — نەشتەر، تىكەن؛ تىغ، نەيزە، ئۇچ.
نىقار — ئۆچ، ئاداۋەت، دۈشمەنلىك، ئۇرۇش - جېدەل.
نىكۇ بەد — گۈزەللىك ۋە خۇنۇكلۇك، ياخشىلىق ۋە يامانلىق.
نىكۇ نام — نام ئابرۇيلۇق، ياخشى ناملىق، ياخشى سۈپەتلىك.
نىگران — كۈتۈپ تۇرغان، قاراپ تۇرغان.
نىگۇنسار — بېشى تۆۋەن، بىھوش، خارلانغان؛ ئاستىن - ئۈستۈن، دۈم كۆمتۈرۈلگەن.
نىل — كۆك.
نىم — يېرىم، تولۇق بولمىغان، پۈتمىگەن، ۋايىغا يەتمىگەن، پىشمىغان، يېتىلمىگەن.
نىھاد — تەبىئەت، خاراكتېر، خىسلەت، قىياپەت؛ ۋۇجۇد، جىسىم، تۈزۈلۈش.
نىھان — يوشۇرۇن، مەخپىي، غايىب.

## ھ

ھاتىف ــ چاقىرغۇچى، تۇۋلىغۇچى؛ تاۋۇش چىقارغۇچى؛ غايىبدىن ئاڭلانغان ئاۋاز.

ھادى ــ ھىدايەت قىلغۇچى، توغرا يول كۆرسەتكۈچى، يول باشلىغۇچى، يېتەكچى، داھى، باشلامچى.

ھازا ــ بۇ، ئۇشبۇ.

ھازىق ــ ئۇستا، ماھىر، تەجرىبىلىك، بىلىملىك.

ھافىز ــ ساقلىغۇچى، ياد ئالغۇچى.

ھەبائ ــ بىھۇدە، بىكارغا كەتكۈزمەك؛ چاڭ ـ توزان.

ھەبىب ــ دوست، يار، مەھبۇب، سۆيۈملۈك.

ھەدەف ــ نىشان، بەلگە، مۆلچەرلەنگەن جاي؛ مەقسەت، ئوي.

ھەدىقە ــ باغ، گۈلزار.

ھەرف ــ نىشان، بەلگە؛ ھەرپ؛ سۆز.

ھەرىر ــ يىپەك، ئىنتايىن يۇپقا ھەم نازۇك توقۇلغان يىپەك توقۇلما.

ھەز ــ لەززەت، تەم؛ ئۇلۇش، نىسىۋە؛ بەخت، شادلىق.

ھەزار ــ مىڭ.

ھەزىن ــ قايغۇلۇق، مۇڭلۇق، غەمكىن، ھەسرەتلىك.

ھەزىنى ــ قايغۇلۇق، غەملىك، دەردلىك.

ھەسەنات ــ ياخشىلىقلار، ياخشى ئىشلار.

ھەسر ــ چەكلىمەك، قىسماق، توختاتماق؛ چېگرا، چەك.

ھەسىر ــ بورا، بورىيا، چىپتا.

ھەشر ــ قىمىرلاش، ئۈمىلەش؛ توپلىنىش، يىغىلىش.

ھەق ــ توغرا، راست؛ لاياقەت، باھا.

ھەمەل ــ 3 ـ ئاي (مارتنىڭ ئەرەبچە ئاتىلىشى).

هەمبەر — باراۋەر، تەڭ؛ يېتىشكەن.
هەمچۇنان — ئوخشاش.
هەمد — ماختاش، مەدھىيىلەش.
هەمئىنان — بىرگە بارغۇچى، يولداش، هەمراھ.
هەنۇز — يەنە، تېخى، تېخىچىلا، ھېلىغىچە، ھازىرغىچە.
هەۋادىس — هادىسىلەر، ۋەقەلەر، يېڭىلىقلار، ئۆزگىرىشلەر.
هەۋاشى — هاشىيەلەر، كىتابنىڭ چېتىگە يېزىلغان ئىزاھلار.
هەي — تىرىك، جانلىق؛ يېزا، قىشلاق.
هۇدا — هەق، توغرا يول.
هۇدۇس — پەيدا بولماق، بارلىققا كەلمەك.
هۇدهۇد — هۆپۈپ.
هۇرف — نىشانلار، بەلگىلەر؛ سۆزلەر؛ هەرپلەر.
هۇما — ئاق قۇش، ئەپسانىلەردىكى بەخت قۇشى.
هۇماي — قۇش، ئاق قۇش، بەخت قۇشى، ئەپسانىۋى خاسىيەتلىك قۇش.
هۇمرا — قىزىل.
هۇۋەيدا — ئېنىق، ئوچۇق، روشەن، ئاشكارا، بەلگىلىك.
هىجاز — ئۆزبېك كلاسسىك مۇقاملىرىدىن بىرىنىڭ نامى.
هىرفە — هۈنەر، كەسىپ.
هىرقەت — كۆيمەك، يانماق؛ كۆيدۈرمەك، ياندۇرماق؛ غەم، قايغۇ.
هىفز — ساقلىماق، كۆزەتمەك؛ يادلىماق، ئەستە تۇتماق؛ ساقلانماق؛ ساقلىماق، ئاسرىماق.

## ئو

ئوترو — شۇڭا، شۇنىڭ ئۈچۈن؛ قارشى.

## ئۇ

ئۇريان ــ يالىڭاچ؛ ھەممە يېقى ئوچۇق؛ غىلاپسىز.
ئۇزار ــ يۈز، چىراي.
ئۇزلەت ــ يالغۇزلۇقتا ئۆتمەك.
ئۇزلەتنىشىن ــ يالغۇز ئولتۇرغۇچى، يالغۇز ئىستىقامەت قىلغۇچى.
ئۇسرو ــ نىھايەت، بەك، ئارتۇقچە، ئىنتايىن.
ئۇسرۇك ــ مەست.
ئۇشلاش ــ تۇتۇش.
ئۇممان ــ دېڭىز.
ئۇممەت ــ پەيغەمبەرگە ئەگەشكۈچىلەر، پەيغەمبەرنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئۇندىگەن كىشىلەرى.
ئۇيلە ــ شۇنداق، ئاشۇنداق، ئۇنداق، ئۇنچىۋالا.

## ئۆ

ئۆزە ــ يۇقىرى، ئۈستىدە، تۆپىسىدە، ھەققىدە؛ ئالدى.
ئۆلە يازدىم ــ ئۆلەي دېدىم، ئۆلۈۋاتىمەن.

## ۋ

ۋاجىد ــ ئىجادكار، يارانقۇچى، ئىختىرا قىلغۇچى.
ۋارىد ــ كەلمەك، يېتىپ بارماق، يەتمەك؛ كەلگۈچى، مېھمان؛ تىزىملىماق؛ كىرمەك؛ كىرگەن مال؛ يولۇچى؛ خەۋەردار.
ۋاژگۇن ــ تەتۈر، پەس، ئاغدۇرۇلغان، ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com

ۋاسىل — ئىرىشكۈچى، يېتىشكۈچى، ئۇلاشقۇچى.
ۋالا — قىممەتلىك، ھۆرمەتلىك، ئۇلۇغ، ئۈستۈن، يۇقىرى.
ۋالە — ئاشىق، شەيدا، مەپتۇن؛ غەمكىن؛ ھەيران، ھەيران قالغان.
ۋاھى — بوش، مەنىسىز، پايدىسىز، خىيالى؛ كونا.
ۋەدەۋەك — ئىنتايىن لەقۋا، ناھايىتى رووۇدا.
ۋەرتە — ھالاكەت گىردابى، ھالاكەتلىك جاي؛ دوزاخ.
ۋەرزىش — ئادەت، ئادەتلەنگەن؛ ھەرىكەت، پائالىيەت؛ كەسىپ؛ تەنتەربىيە، مەشىق؛ تىرىماق.
ۋەسف — ماختاش، مەدھىيىلەش، سۈپەتلەش، تەرىپلەش، تەسۋىرلەش.
ۋەششەمس — قۇياشتەك، كۈندەك، ئاپتاپتەك، قۇياش كەبى.
ۋەقف — ساۋاپلىق ئىش ئۈچۈن تەقدىم قىلىنغان يەر.
ۋەلە — ھەيران قالماق، تاڭ قالماق؛ يەنە.
ۋەھدەت — يالغۇزلۇق، بىرلىك، يېگانىلىك؛ بىردەكلىك. ئىتتىپاقلىق.
ۋەھشەت — ياۋۇزلۇق، ۋەھشىلىك، ياۋايىلىق؛ قورقۇنچ.
ۋىدائ — خەيرلىشىش، خوشلىشىش، ئايرىلىش.
ۋىرۇر — بىرور.

## ئې

ئېككەن — تېرىغان، تىككەن، ئۆندۈرگەن.
ئېكمەك — تېرىماق، تىكمەك، ئۆستۈرمەك، ئۈندۈرمەك.

## ئى

ئىبائ — رەت قىلماق، ئىنكار قىلماق.
ئىبرام — قاتتىق تەلەپ، قىستاش، مەجبۇرلاش.

**ئىبتىلا** — يولۇققان گىرىپتار بولغان، مۇپتىلا بولماق، دۇچار بولماق، باغلانماق، ئۇچرىماق.
**ئىتاب** — ئاچچىق، غەزەپ، قەھر، قىيناق.
**ئىتمام** — تاماملىماق، يىتتىرمەك، تۈگەتمەك، ئاخىرلاشتۇرماق.
**ئىجتىمائ** — يىغىلماق، توپلانماق، جەم بولماق.
**ئىجتىناب** — تارتىنماق، ساقلانماق، داجىماق، يىراق بولماق.
**ئىختىرائ** — يېڭىلىق ياراتماق، تاپماق، بارلىققا كەلتۈرمەك، ياراتماق.
**ئىختىلات** — ئارىلاشماق، قاتناشماق.
**ئىدەر** — ئىگەر.
**ئىراق** — كلاسسىك مۇقاملاردىن بىرىنىڭ نامى.
**ئىرسال** — يوللىماق، ئەۋەتمەك.
**ئىزافەت** — بىرىككەن، بىرىكمەك، قوشۇلغان، قوشماق، باغلىماق، بىرىكتۈرمەك.
**ئىسار** — بېغىشلىماق.
**ئىستىتائەت** — كۈچى يەتمەك.
**ئىستىغنائ** — تارتىنماق، نازلانماق؛ ئېھتىياتسىزلىق.
**ئىستىفسار** — سورىماق، دېرىكىنى قىلماق، سۈرۈشتۈرمەك.
**ئىستىھسان** — تەرىپلىمەك، ياخشىلىق بىلەن ئەسلىمەك، بىراۋ توغرۇلۇق ياخشى سۆز قىلماق.
**ئىسقات** — تاشلىماق، چۈشۈرمەك، ساقىت قىلماق.
**ئىسمەت** — پاكلىق، گۇناھسىزلىق، مەسۇملۇق.
**ئىشتىھار** — شۆھرەت قازانماق، داڭق چىقارماق.
**ئىشۋە** — ناز - كەرەشمە، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ھەرىكەت ياكى قىلىق.

www.uyghurkitap.com

**ئىفشا** — پاش قىلماق، ئاشكارىلىماق، مەيدانغا چىقارماق.
**ئىكتىساب** — كەسىپ قىلماق، ئۆگەنمەك، قولغا كەلتۈرمەك، هاسىل قىلماق، تاپماق، قازانماق.
**ئىلزام** — يېڭىلىش، قارشى تۇرالماسلىق، قارشى چىقالماسلىق.
**ئىمداد** — ياردەم بەرمەك، ھەمدەمدە بولماق.
**ئىناد** — جاھىللىق، كاجلىق، بويۇنتاۋلىق، ئۆز سۆزلۈك، باشباشتاقلىق، قىيىقلىق، سۇبيېكتىپلىق.
**ئىنان** — تىزگىن، جىلاۋ؛ ھەيدىمەك، ئىدارە قىلماق؛ ئىشلار، ۋەقەلەر.
**ئىنايەت** — مەرھەمەت، ئىلتىپات، ياردەم، ياخشىلىق.
**ئىنتىخاب** — تاللاش، سايلاش، رەتلەش.
**ئىنجىل** — خۇش خەۋەر؛ ئاللاتائالادىن ئىيسا پەيغەمبەرگە ئەۋەتىلگەن كىتاب.
**ئىنشائ** — ياسىماق، بار قىلماق، كۆڭۈلدىن چىقىرىپ يازماق؛ ئىجاد؛ ئەسەر؛ خەت؛ قۇرۇلۇش.
**ئىهتىراز** — ساقلانماق، ئۆزىنى تارتماق؛ ساق بولماق.
**ئىهتىساب** — ھېساب قىلماق، تەكشۈرمەك، تىنتىماق، تەپتىش قىلماق.
**ئىهيائ** — تىرىلدۈرمەك، جان كىرگۈزمەك، جانلاندۇرماق؛ ئىشقا يارامىلىق قىلماق.

## ي

**ياربى** — ئېچىپ، يېيىپ، سىلىپ.
**ياسەمەن** — خۇش پۇراقلىق ئاق چېچەكلىك بىر خىل دەرەخ.

**ياستان** — باش قويماق، يۆلەنمەك.

**ياۋەر** — ياردەمچى، مۇئاۋىن.

**يارە** — قىينىلىش، ئازاب، جاراھەت، يارا.

**يەزدان** — خۇدا، تەڭرى، ئىلاھ؛ پەرىشتە.

**يەغما** — ئولجا، غەنىيمەت؛ بۇلاڭ - تالان، تالان - تاراج.

**يەك** — بىر؛ يالغۇز يېگانە، بىرلا.

**يەكسەر** — پۈتۈنلەي، ھەممە، بىرنى قالدۇرماي؛ بىردىنلا.

**يەمىن** — ئوڭ، ئوڭ تەرەپ؛ ئوڭ قول.

**يەۋمى** — كۈندۈزدىكى؛ كۈندىلىك، بىر كۈنگە مەنسۇپ.

www.uyghurkitap.com

[General Information]
书名=花园微风　维吾尔文
SS号=40300763